دانىشمەن ئۇستاز دوكتور ئابدۇسسالام

# ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى

جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت

كىتاب نومۇرى: M11051.7
باھاسى: 0.58 يۈەن

ئابدۇسسالام

# ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى

فىزىكا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دوكتور ئابدۇسسالامنىڭ (پاكىستان) 1981 - يىلى 3 - ئايدا بىرلەشمە دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۈۋەيتتە ئېچىلغان ئۇنىۋېرسىتېتلار مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت ئىبراھىم


مۇھەررىرلىرى: ئابباس بۇرھان
مۇھەممەت سالىھ
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمان پەخرىدىن

جۇڭگو پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى



دوكتور ئابدۇسسالام

ئەرەب ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم — پەن
**ئىجادىيەت قۇدرىتى**

* * *

جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قاتناش نازارىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

* * *

فورماتى: 1092×787 مىللىمېتر 1/32 باسما تاۋىقى: 2.0625
1986 – يىل 9 – ئاي 1 – نەشرى
1987 – يىل 4 – ئاي 2 – بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11051·7
تىرازى: 1—5,001—20,000
باھاسى: 0.58 يۈەن

# ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىپتىخارى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن تېخى ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن تونۇلۇۋاتقان فىزىكا ئالىمى مۇھەممەت ئابدۇسسالام (Abdus salam) 1926 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى پەنجاب ئۆلكىسى لاھور شەھىرى يېنىدىكى جاڭگى بازىرىدا تۇغۇلغان. ئابدۇسسالامنىڭ دادىسى ھىندى دەرياسىنىڭ بىر كىچىك تارمىقى ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا خىزمەتچى ئىدى. بۇ يەرلەر تەخمىنەن 8 - ئەسىر ئەتراپىدىلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئابدۇسسالام ئائىلىسى مۇستەھكەم ئىسلام ئېتىقادى ۋە دىنىي كەيپىيات ئىچىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى. ئابدۇسسالامنىڭ دادىسى مەرىپەت پەرۋەر بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئابدۇسسالام بالىلىق چاغلىرىدا تەبىئەت بىلىملىرىگە بەكمۇ قىزىقىدىغان، تىرىشچان، ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دائىم كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانتىنى كۆرسەتكەنلىكتىن، جاڭگا بازىرىدىكى كىشىلەر ئۇنى «ئەۋلىيا بالا» دەپ ئاتىشاتتى.

1940 - يىللىرى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە جاڭگا بازىرىدىكى كىشىلەر ناھايىتى داغدۇغىلىق ھالدا شۇ يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھانغا قاتناشقان 40 مىڭ ئوقۇغۇچى ئىچىدىن

ئەڭ ئەلا نەتىجە بىلەن پەنجاب ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان بىر بالىنى ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ بالا ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن «ئەۋلىيا بالا» ئابدۇسسالام ئىدى. پۈتۈن يۇرت ھاياجان ئىچىدە ئابدۇسسالامنى مەدھىيىلىشەتتى. ئابدۇسسالام ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى.

ئابدۇسسالام كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ تاكى 1946 - يىلىغىچە ئاساسەن ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئۆگەنگەندۇ. بۇ مەزگىلدە دۇنيادا ئۇرۇش قىزغىنچىلىقى بولۇۋاتاتتى. ئۇرۇش ئابدۇسسالامنىڭ ئوقۇش ھاياتىغا دەخلە قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل ئالاھىدە شەكىل بىلەن ئابدۇسسالامنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يەر شارىدا ئالەمشۇمۇل بىر قانچە كومېدىيە خاراكتېرلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئابدۇسسالامنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا، خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا مەركىزى (ICTP) نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرى، ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىپتىخارى، دانىشمەن ئالىم ئابدۇسسالامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

ئابدۇسسالام تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىش ئارزۇسىدا پۈتكۈل زېھنى بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرغان ئۇنىڭ يۇرتىدا ياشلارنىڭ تەقدىرى مەمۇرىي خادىم بولۇش يولىغا مېڭىش ئىدى. شۇڭا ئۇ قانچە ياخشى ئوقۇغىنى بىلەن ئوقۇغىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. بەختىگە يارىشا مۇستەملىكىچىلەر ئۇرۇش تۈپەيلىدىن مەمۇرىي خادىم بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بىلىمگە تەشنا ئابدۇسسالامنىڭ تەلىيى



ئوڭدىن كېلىپ، ئاجايىپ بىر «مۆجىزە» گە ئۇچراپ — ئەنگلىيىنىڭ كېمبرىج (cambridge) ئۇنىۋېرسىتېتىدا بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھىندىستانلىكى سىياسىي ئەربابلار ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىنى قوللاپ ئىئانە پۇل توپلايدۇ. ئابدۇسسالامنىڭ يۇرتى پەنجاب ئۆلكىسىدىن توپلانغان پۇلدىن 15 مىڭ فوندستېرلىڭ ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ قېلىپ ئىشلىتىلمەي قالىدۇ. پەنجاب ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، بۇ پۇلنى «دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پەرزەنتلىرى» نى چەتئەلدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇسسالام چەتئەلدە ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، مۇكاپات خىراجىتىگە ئېرىشكەن بەش بالىنىڭ بىرسى بولىدۇ. 1946 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن «مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئورۇن بوش قالدى» دېگەن تېلېفون كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ 10 - ئايدا ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا بارىدۇ.

قالغان بالىلار كېيىنكى يىللىق ئوقۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي پەنجاب ۋالىيسى قازا قىلىپ، پاكىستان ھىندىستاندىن ئايرىلىپ، بالىلارنى چەتئەلگە چىقىرىش پىلانى يوق بولىدۇ.

ئابدۇسسالام 1948 - يىلى كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا، ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئەلاچىسى بولۇپ تاماملاپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. 1952 - يىلى كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەزەرىيە فىزىكا جەھەتتىكى پەل

سەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئەنگىلىيىدە تۇرغان ۋاقىتلاردا سىنت-جون ئىنىستىتۇتى ۋە فولستون ئالىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسىدە ئاساسىي زەررىچىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردۇ. 1951 - يىلى پاكىستانغا قايتىپ 1954 - يىلغىچە لاھور ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور ۋە ماتېماتىكا پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇچاغلاردا پاكىستاندا يالغۇز بىرلا فىزىكا ئالىمى — ئابدۇسسالام بولغانلىقتىن، ئىلىم پەن-ساھەسىدە يېگانە قېلىپ بەكمۇ يېتىمسىرەپ قايغۇلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغىدەك فىزىكا ئالىملىرىدىن ئەڭ يېقىنى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە تۇراتتى. ئابدۇسسالامنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇش، ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن بىر تۈركۈم فىزىكا ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۇلۇغۋار غايىسى بار ئىدى. ئۇ، پەقەت «فىزىكا ھەپتىلىك خەۋىرى» نىلا ئوقۇيالايتتى. چەتئەللەرگە چىقىپ ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشىش ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ قارىشىچە بىھۇدىلىك، ئوشۇقچە ئىسراپچىلىق ھېسابلىناتتى. بۇ ئۆزىنى، ئۆزى ئېچىنىشلىق يېتىم قالدۇرۇش بولۇپ، بۇنداق يېتىملىق شۈبھىسىزكى، نەزەرىيە ۋە ئىلىم - پەن تەتقىقاتچىلارنى ئاستا خاراكتېرلىق نابۇت قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئابدۇسسالام ئەينى ۋاقىتتىكى كۆڭلىدىكى ئازابلىق كۈرەشلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلمىي نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن باشقا فىزىكا ئالىملىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقان، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ھەم پىكىر ئالماش-



تۇرۇپ تۇرۇش لازىم بولاتتى. مەن لاھوردا تۇرىۋەرگەن بولسام، خىزمىتىم چېكىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ ھالدا مېنىڭ دۆلىتىمگە نېمە كېرىكىم بولىدۇ...».

ئۇ ئاخىر 1954 - يىلى كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1954 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكتور، 1957 - يىلدىن باشلاپ لوندون ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەزەرىيە فىزىكا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1959 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە پاكىستان پەن-تېخنىكا كومىسسارى، ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتى ھەيئەت ئەزاسى، 1964 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە پاكىستان پرېزىدېنتىنىڭ ئىلىم - پەن باش مەسلىھەتچىسى، 1964 - يىلدىن باشلاپ ترىيېستتە خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا مەركىزىنىڭ رەئىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم - پەن مەسلىھەت مۇلازىمەت ھەيئىتى ۋە 1971 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم - پەن مەسلىھەت ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1968 - يىلى «ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى تىنچلىق ئۈچۈن ئىشلىتىش» مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ؛ 1968 — 1978 يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئونەچچە خەلقئارا ئىلمىي ئورگانلارنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. 1970-يىلى ستوكھولم خەلقئارا تىنچلىق تەتقىقات ئورنى ھەيئىتى، شۋېتسىيە خانلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، سوۋېت، ئامېرىكا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چەتتىكى ئاكادېمىكى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولىدۇ. 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدۇ، دۇنيا بويىچە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى داڭلىق يەتتە ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئابدۇسسالامغا

پەخرى دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىدۇ. بۇ جەرياندا ئابدۇسسالام
پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشتـ-
دۇ. 20 - ئەسىردە فىزىكا پېنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتـ-
دۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئاساسىي زەررىچىلەر ئوت-
تۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۈچلىرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇلارنىڭ
مەنبە مەسىلىسى فىزىكىلار ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي
نىشان بولۇپ قالدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزئارا تەسىر
كۈچلەر (ئۇلارنىڭ) كۈچلۈك ئاجىزلىقىغا ئاساسەن تۆت خىلغا
بۆلۈنىدۇ، ئۇلار: كۈچلۈك ئۆزئارا تەسىر (كۈچلۈك يادرو كۈ-
چى)؛ ئېلېكتر ماگنىت ئۆزئارا تەسىر (ئېلېكتر ماگنىت كۈچى)؛
ئاجىز ئۆزئارا تەسىر (ئاجىز يادرو كۈچ) ۋە ئۆزئارا تارتى-
شىش تەسىر (تارتىشىش كۈچى) لار بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا
نىسبىتى: $1:10^{-2}:10^{-13}:10^{-38}$ بولىدۇ دېگەن كۆز قاراش
ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى، ئۆزئاراتار-
تىشىش كۈچى ۋە ئېلېكتر ماگنىت كۈچلىرى، كىشىلەرگە ئۇ-
زۇندىن بېرى تونۇش، ئۆزئارا تارتىشىش كۈچى مۇكەممەل نە-
زەرىيە ئاساسقا ئىگە. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماسسىسى نۆل-
گە تەڭ بولمىغان بارلىق زەررىچىلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ. مىكرو زەررىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر
ناھايىتى ئاجىز بولغان بىلەن مىكرو زەررىچىلەردىن تۈزۈلگەن
ماكرو جىسىم قانچە چوڭ بولسا، بۇ جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى
تارتىشىش كۈچىمۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئېلېكتر ماگنىت كۈچىنىڭ تەسىرىدە، بىز كۈندىلىك تۇر-
مۇشتا پايدىلىنىدىغان ئېلېكتر ماتور ۋە ئېلېكتر شامالدۇرغۇچ



قاتارلىقلار ھەرىكەتلىنىدۇ. ئېلېكتر ماگنىت ئۆزئارا تەسىر، كې-
رىشۋاتقان ۋە چىقىۋاتقان فوتونلار ئوتتۇرىسىدا ئېلېكتر ماگنىت-
لىق ئۆزئارا تەسىر پەيدا قىلىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. تارتى-
شىش كۈچى ۋە ئېلېكتر ماگنىت كۈچىنىڭ بارلىق ماكرولۇق
ۋە مىكرولۇق دۇنيادا مەۋجۇت بولىدىغانلىقى بىزگە ئاللىقا-
چان مەلۇم ئىدى. لېكىن، كۈچلۈك ۋە ئاجىز يادرو كۈچلىرى
ئاساسەن ئاتوم يادروسىنىڭ چوڭلۇقىچىلىكلا مىكرولۇق دۇنيادا
ئىپادىلىنىدىغانلىقتىن كىشىلەرگە ناتونۇش ئىدى. كۈچلۈك ئۆز
ئارا تەسىر (كۈچلۈك يادرو كۈچى) نىڭ رولى خۇددى «سې-
مونت» قا ئوخشاش. ئۇ پروتون بىلەن نېيتروننى بىر - بىرىگە
يېپىشتۇرۇپ ئاتوم يادروسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەگەر بۇنداق يې-
پىشتۇرۇش كۈچى بولمىسا، ئاتوم يادروسى پارچىلىنىپ بۆلۈ-
نۈپ كېتىدۇ. ئاجىز ئۆزئارا تەسىر (ئاجىز يادرو كۈچى) ئا-
جىز دەرىجىدە بولغاچقا، ناھايىتى قىسقا يەنى $10^{-15}$ cm
ئارىلىقتا رولىنى كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ خىل سىرلىق ئاجىز يادرو
كۈچى بەزىبىر ئېلېمېنتلارنى تۇراقسىزلاشتۇرىدىغانلىقتىن، بەزى
ئېلېمېنتلاردا رادىئوئاكتىپلىق ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
بۇنداق ھادىسىلەرنى مېدىتسىنا، بىئولوگىيە، سانائەتتە قول-
لىنىپ ئىنسانلارغا بەخت كەلتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ (كۈچلەرنىڭ)
بارلىققا كېلىش مەنبەسى نېمە؟ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
تۇرغۇزۇلغان فىزىكا ئالىملىرى بۇ سىرلارنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ
كۆرگەنىدى. ئېينىشتېينمۇ ئېلېكتر ماگنىت كۈچى بىلەن تارتى-
شىش كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان
بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنىدى. ھېزنبېرگمۇ پۈتۈن

كۆچلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدەنگەنىدى. لېكىن، بەلگىلىك چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن نەتىجە چىقىرالمىغان. 60 - يىللارنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق بۆسۈش قىلدى.

پاكىستان فىزىكا ئالىمى ئابدۇسالام ئامېرىكا فىزىكا ئالىمى گراسوۋ ۋە ۋېيندبېرىگلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا ئېلېكتر ماگنىت كۆچى بىلەن ئاجىز يادرو كۆچىنىڭ مەنبەسى ئورتاق بىر خىل ئەڭ ئاساسىي كۈچ — ئاجىز ئېلېكتر كۆچىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئابدۇسالام نەزەرىيە جەھەتتە، ئېلېكترو ماگنىت كۆچى بىلەن ئاجىز يادرو كۆچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرگەنلىكى، تەبىئىي كۆچلەرنى تونۇشنىڭ بىر نامايەندىسى — ئېلېكتر ماگنىت كۆچى بىلەن ئاجىز يادرو كۆچى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل كۈچ — «ئاجىز ئېلېكتر» ئۆتكىلىدىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شىۋىتسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئابدۇسالام، خاۋرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گراسوۋ، ۋېنبېرىگلارغا 1979 - يىللىق نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاجىز تەسىر كۈچ بىلەن ئېلېكتر ماگنىت تەسىر كۈچىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ياراتقان ئاجايىپ تۆھپىسىنى تەقدىرلىدى. ئۇ، پۈتۈن ئىسلام ئەللىرى فىزىكا ئالىملىرى ئىچىدە بىردىن - بىر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىم بولدى. ئاجىز ئېلېكترونىڭ بىر پۈتۈنلۈكى نەزەرىيىسى ئاخىر ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، ئالەمدە مەۋجۇت بولغان ئاساسىي تەبىئىي كۆچلەر تۆت خىلدىن ئۈچ خىل-



غا ئازايدى. كۆپ يىللار توختاپ قالغان بىر پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى ئالغا ئىلگىرلىدى.

ئابدۇسالام شۆھرەت ئالدىدا گاڭگىراپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىش ئىرادىسى قىلچىمۇ بوشاشمىدى. ئابدۇسالام ئاللا بىزگە قۇرئان ۋە ئەقىل ئاتا قىلدى دېگەن ئەقىدىنى ئىلگىرى سۈردى، ئۇ، ئەرەب ئەللىرى ۋە بارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئىلىم - پەندە ئارقىدا قالغان ھالىتىنى قانداق قىلىپ تېزىرەك ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ مۇشەققەتلىك ئەمگەكلىرىنى سىڭدۈرۈپ كەلدى. بىر مەزگىل نۇرغۇن جاپالىق ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئالىجاناپ ئىرادىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا غەيرەت قىلىپ ھەر قايسى قىتئەلەردىكى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكىلا بولىدىغان ئورگانلارغا بېرىپ يىغىنلاردا نۇتۇقلار سۆزلەپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆرەتلەپ بەردى. ئۇ يەنە يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ماتېماتىكا ئالىمى خۇالوگىن قاتارلىقلار بىلەن بىرگە 3 - دۇنيا ئەللىرى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇپ، 3 - دۇنيا ئەللىرى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇسالام ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادارلىقىنى ئىلىم - پەننى ئىزدىنىشكە «سىڭدۈرگەن». ئۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن «ئاللا ياراتقان تەبىئەت دۇنياسىنى» تەتقىق قىلىشقا، جۈملىدىن ئىن-

سانلار ئۇتتۇرىسىدىكى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىلىم - پەن تەرەق-
قىياتىدىكى چوڭ پەرقنى كىچىكلىتىپ، «قېرىنداش ئائىلە» قۇ-
رۇش ئىدىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي
تىرىشىپ كەلدى. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى تېپىش، ئىن-
سانلارنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش
ئابدۇسسالامنىڭ ئىزچىل بېرىلىپ كەلگەن كۈرەش نىشانىسى.
ئۇ، مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
قانۇنىيىتىنى، ماسلىقىنىڭ گۈزەللىكىنى ئېچىش يولىدا ھارماي - تالماي
ئىزدىنىدۇ. ئۇ، ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ بارلىقى ماسلاشقان ئىخچام
بولۇپ، كۆرۈمسىز، سەت، چۇۋۇلچاق، پارچە - پۇرات نەرسىلەر-
نىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ. ئابدۇسسالام
قارىماققا قالايمىقان، پارچە - پۇراتتەك كۆرۈنگەن ھادى-
سىلەر بىلەن كۆمۈلۈپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماسلىق-
نىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ماڭا ئوخشاش بىر ئەمەلىيەتچى
مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ قارايدۇ.
شۇڭلاشقا، ئۇ 1951 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەت كۈچىگە باي
ئىلمىي ھاياتىنى باشلايدۇ. ئۇرغۇنلىغان «كىشىنىڭ روھى دۇن-
ياسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈدىغان» جەريانلار كۆزگە كۆرۈن-
مەيدىغان مېڭىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، بىر نەزەرىيە فىزىكا
ئالىمىنىڭ قانداق خىزمەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئانچە
ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ بىز ئابدۇسسالامنىڭ تەت-
قىقات ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى بايان قىلغان ئەھۋاللاردىن
بىر قەدەر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەي-
نى ۋاقىتتا نېيترىنونىڭ ماسسىسى بولمايدىغانلىق مەسىلىنى (بۇ



ئۇنىڭ مەشھۇر تۆھپىلىرىدىن بىرى) قانداق ھەل قىلغانلىقىنى
ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «شۇ يىلى (1956 - يىل) مەن سىياتىل
يىغىنىدا پروفېسسور ياڭ جېننىڭ، پروفېسسور لى جېڭداۋ بىلەن
بىرلىكتە تەتقىق قىلغان — ھازىرغىچىلىك ھېچكىم چېقىلغىلى
بولمايدىغان مۇقەددەس دەپ سانىلىپ كەلگەن، ئوڭ - سولدىن
سىممېترىكلىك پرىنسىپى ئاجىز يادرو كۈچى دائىرىسىدە بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭ-
لىدىم. لى جېڭداۋ بىلەن ياڭ جېننىڭلار ئاجىز يادرو كۈچى ئۆز
ئارا تەسىر قىلىشقاندا ئوڭ - سول سىممېترىكلىكنى يوقىتىش
(J·Θ) نىڭ سىرىنى چۈشىنىشكە مۇمكىنچىلىك بولىدۇ دەپ
ھېسابلايدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە مەن لوندونغا قايتىش سەپىرىمدە
ئايروپىلاندا .... زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، مېڭەمدە داۋاملىق تەبى-
ئەت نېمە ئۈچۈن ئاجىز ئۆز ئارا تەسىردە ئوڭ - سول سىم-
مېترىكلىكنى بۇزۇۋېتىدۇ؟! مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئا-
جىز ئۆز ئارا تەسىرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى پاۋلى (Pauli) نېيت-
رونوسىنىڭ رادىئاتسىيە ھادىسىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا
كېرەك، دېگەن نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ كەلدىم. ئاتلانتىك
ئوكيانىدىن ئۈچۈپ ئۆتكەندە بۇندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن مەن
دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان چاغدا پروفېسسور پېرلس (R·peierls)
مېنىڭدىن: <ماكسۋېلنىڭ ئېلېكتر ماگنىت قېلىپلاشتۇرۇلغان سىم-
مېترىك پرىنسىپى بويىچە، فوتوننىڭ ماسسىسى بولمايدۇ. سىز
دەپبېقىڭا نېيترىنونىڭ نېمە ئۈچۈن ماسسىسى بولمايدۇ؟> — دەپ
سورىغاندا جاۋابسىز قالغان نېيترىنونىڭ مول ئىجادىيەت ئەھمى-
يىتى بار بىر مەسىلىسىنى ئويلاپ يەتتىم.»

ئابدۇسسالام يەنە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «فوتوندا ئوخ-
شاش نېيترىنودىمۇ قېلىپلاشقان سىممېترىكلىكنىڭ ئوخشاشلىقى
ساقلىنىپ قالىدۇ، $r_5$ ئالماشقاندىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈن نېيت-
رىنونىڭ چوقۇم ماسسىسى بولمايدۇ. نېيترىنونىڭ ماسسىسى بولمىغان
چاغدىمۇ سىممېترىكلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى نېيترىنو
بىلەن ئۆز ئارا تەسىر قىلىدىغان $(1+r_5)$ ياكى $(1-r_5)$
لارنى چوقۇم تۈزىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەبىئەت دۇنيا-
سىدا ئوڭ - سول سىممېترىكلىكنىڭ بۇزۇلۇش نەزەرىيىسىدىن
باشقا ئېستېتىكىنى قانائەتلەندۈرىدىغان تاللاشمۇ بار: ياكى
نېيترىنو دەل يورۇقلۇق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلسۇن ياكى ئوڭ-
سول سىممېترىكلىكنى ساقلىسۇن، لېكىن نېيترىنو كىچىك ماسسىغا
ئىگە بولىدۇ......» ئەنەشۇ تەرىزدە باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش
ئارقىلىق بۆسۈش خاراكتېرلىق ئىجادىي پىكىرلەرگە ئېرىشىش،
ئابدۇسسالامنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

ئابدۇسسالام دائىملا غەلىبە قىلىۋېرىدىغان گېنرال ئەمەس
ئەلۋەتتە. ئۇ، ئوتتۇرىغا قويغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئىسپات-
لىغاندا ئۇلار خاتا كۆز قاراشلار بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ
بىلەن ئۇ بوشىشىپ قالمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: بىز
دائىم ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ
دۈچ كەلگەن بۇ خىل مۇشەققەتلىرىمىزنى ئاللانىڭ بەزى يارات-
قانلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئاندا - ساندا شات-
لىقىمىزغا سېلىشتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ.

ئابدۇسسالامنىڭ ئىلمىي ھاياتىدا، باشتىن - ئاخىر «ئىجا-
دىيەت كۈچى» نىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.



ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى نەزەرىيىچىلەر ئىنكارچىلاردۇر،
ئۇلار پەقەت كۆزقاراشنىڭ خاتاسى نەدىلىكىنى كۆرسىتىشكىلا ماھىر،
لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەكلىپنى قويمايدۇ. مەن
يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايمەن.» ئاجىز يادرو
كۈچى بىلەن ئېلېكتر ماگنىت كۈچىنىڭ بىرلىكىنى ئوتتۇرىغا
قويۇش ئابدۇسسالامنىڭ باي ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك
ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت كۈچى، نوبېل مۇكاپاتى-
غا ئېرىشىش بىلەن بوشىشىپ قالمىدى، ئۇ يەنە ئالەمنىڭ
تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىرىنىڭ سىرىنى توختاۋسىز ئىزدىمەكتە.
مانا مۇشۇ ئىزدىنىشلەردە ئۇ يەنە ئىزچىل ھالدا ئەڭ ئالدىن-
قى ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. 1978 - يىل توكيو خەلقئارالىق
يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا يىغىنىدا ئابدۇسسالام «بىرلىك، سو-
پېر (ئادەتتىن تاشقىرى) بىرلىك ۋە نەزەرىيە فىزىكىسىنىڭ
يېڭى ئىدىيىسى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. فىزىكا ئىلمىي
راۋاجلىنىپ شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە فىزىكا ئالىملىرى بىر پۈ-
تۈنلۈك (بىرلىك) ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيە فىزىكىدا قانچىلىك
مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بارغانچە چۈشىنىپ يەتمەكتە،
«بىرلىك» ئاللىبۇرۇن ماكسۋېلنىڭ ئېلېكتر ماگنىت نەزەرىيىسىدە
ئەمەلگە ئاشقانىدى، كېيىنكىلەر بۇ خىل بىرلىك بىلەن ئېلېكتر
ماگنىت نەزەرىيىسىنىڭ سىممېترىكلىكى ئۆز ئارا باغلانغانلىقىنى
بايقىدى. بۇ، U(1) قېلىپلاشتۇرۇش دەپ ئاتالدى. 1954 -
يىلى ياڭ جېننىڭ، مىرىسلار قېلىپلاشتۇرۇش ئۇقۇمىنى غەيرىي
ئابېل ئەھۋالىغا كېڭەيتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ قېلىپلاشتۇرۇش
نەزەرىيىسىگە ئاساس سېلىندى. لېكىن، ياڭجېننىڭ — مىرىس

نەزەرىيىسى ئۇچىغا تېخى بىر فىزىكا مودېلى ئىدى. فىزىكىدا
قېلىپلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ يېڭى بىرلىكنى مەيدان-
غا چىقىرىش، قاش-كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ قال-
غانىدى. بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئالدى بىلەن ئاجىز
كۈچ بىلەن ئېلېكتر ماگنىت كۈچىنىڭ بىرلىكى جەھەتتە ۋېن-
بېرگ، ئابدۇسسالام ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 1967-ۋە 1968-
يىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئابدۇسسالام-ۋېنبېرگ مودېلى بولدى،
يەنى قېلىپلاشتۇرۇش شەكلىدە ئاجىز يادرو كۈچ بىلەن ئېلېكتر
ماگنىت كۈچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچنى بىرلىككە كەلتۈردى، بۇ
مودېلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يالغۇز مودېلنىڭ ئۆز دائىرىسىدە
توختاپ قالماي، ئۇزۇنغا قالماي كۇۋارك ساھەسىگىچە كې-
ڭەيدى. تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىكنى تېپىشقا ئاساس
سالدى. پروفېسسور دىڭ جاۋجۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى
گرېتسىيە ۋە جۇڭگو قەدىمكى پەيلاسوپلىرىدىن تاكى ھازىرقى
زامان ئالىملىرىدىن ئېينىشتېيىن ۋە ماكسۋېللارغىچە بىردەكلا
بارلىق تەبىئىي كۈچلەرنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى كۆرۈشنى
ئارزۇ قىلغانىدى» ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ئابدۇسسالامنىڭ
بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلىگەن-
لىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشتى. ئاجىز ئېلېكترنىڭ بىر پۈتۈن-
لۈك نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئېلېكتر ماگ-
نىتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش نەزەرىيىسىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ.

ئاجىز ئېلېكترنىڭ بىر پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى دۇنياغا
كېلىش بىلەنلا نۇرغۇنلىغان تەجرىبە مەركەزلىرى ئىلغار ساي-
مانلىرى ۋە زور تېخنىكا كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تەجرىبە ئارقىلىق



ئىسپاتلاش ئىشلىرىغا كىرىشتى، زەررىچىلەرنى تېزلەتكۈچى
نۇرغۇنلىغان چوڭ تىپلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشقا سېلىپ بۇ خىزمەتكە
كىرىشتى. ئىتالىيىلىك بىر تۈركۈم فىزىكلار مۇشۇ نەزەرىيىنى
تەجرىبە قىلىشقا كىرىشتى. ياۋروپا پەن تەتقىقات مەركىزىدىكى
بىر ئالىم 83-يىلى ئاجىز ئېلېكترنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى
نەزەرىيىسىدە ئالدىن ئېيتىلغان $W^{\pm}$ زەررىچىسىنى بايقىدى.
يەنە يېقىندا بۇ تەتقىقات مەركىزى پروتون ۋە ئانتى پروتون-
لارنى بىر-بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ نېيترال ھالەتتىكى يەنە بىر
خىل مىكرو زەررەت بوزون $Z^0$نى بايقىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتى،
بۇنىڭ بىلەن ئاجىز ئېلېكترنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى نەزەرىيىسىنى
يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى. كىشىلەر تې-
خىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىممېترىكلىك ئۇسۇلنى تېپىش ئار-
قىلىق تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر پۈتۈنلۈكنى تېپىشقا
تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ بىرلىك نەزەرىيىسى دەپ
ئاتىلىدىغان بىر نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نەزەرىيە
گەرچە ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايۋاتسىمۇ، لېكىن كىشىلەر
بۇنى بىرلىك ئىدىيىسىنىڭ چاتىقى دەپ قارىماي مودېلنىڭ
چاتىقى دەپ قارىماقتا. شۇنىڭدىن باشلاپ 1978-يىلغا كەل-
گەندە سۇپېر بىرلىك (بىر پۈتۈنلۈك) نەزەرىيىسى ئەۋج ئېلىش-
قا باشلىدى، سۇپېر سىممېترىكلىك ئۇقۇمىنى ۋېس-زومىنو
(Wess-Zumino) بىرىنچى بولۇپ، 1973-يىلى ئوتتۇرىغا
قويدى. سۇپېر سىممېترىكلىك فېرمى-بوزون (Fermi-boson)
لار ئوتتۇرىسىدىكى سىممېترىكلىكتىن ئىبارەت. لېكىن، دەسلەپ
دە فېرمى سىممېترىكلىك پەقەت ئايرىم نەزەرىيىگە قارىتا

ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ناھايىتى زور بىر تەرەپلى-
مىلىك بولدى. سوپېر سىممېترىكلىك ئۇقۇمىنى غەيرىي ئابېل
نەزەرىيىسىگە ئېلىپ كىرىش ئىشىنى ئالدى بىلەن ئابدۇسسالام
ۋە ستراسدى (Stvathdee) لار 1974 - يىلى تاماملىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي (1975 - يىل) ئۇلار سوپېر
سىممېترىك نەزەرىيىسىدىكى سوپېر مەيدانىنىڭ فېنمان قائىدى-
سىنى سىستېمىلىق ھالدا مۇھاكىمە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن
سوپېر سىممېترىك نەزەرىيىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن
ئاساس سېلىندى.

1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە سوپېر سىممېترىكلىك
نەزەرىيىسى بىلەن سوپېر تارتىشىش كۈچ نەزەرىيىسى ئەۋج
ئېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئابدۇسسالامنىڭ قىزىقىشىمۇ مۇشۇ
تەرەپكە بۇرالدى. كىشىلەر ئابدۇسسالامنىڭ كېيىنكى تەتقىقات
ئىشلىرىدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوقۇم كەشپىيات ۋە ئىختىرا-
لارنى تەقدىم قىلىدۇ دەپ ئۈمىد باغلىماقتا. بىز بۇ ئالىمنىڭ
خەلقئارا ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالىنى
تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش ئۈچۈن تېرىست خەلقئارا نەزە-
رىيە/ فىزىكا مەركىزىي (ICTP) نى قۇرۇش جەھەتتە كۆرسەت-
كەن تىرىشچانلىقلىرىنى ئەسلەپ ئۆتسەك ئارتۇق بولماس!

دەرھەقىقەت ICTP نىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى، ئابدۇسسا-
لامنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن تەرەق-
قىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنىڭ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ بۇ
قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشى-
ۋاتقانلىقىنىڭ باشقا بىر جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى. ئۇنىڭ



1946 - يىلى «تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ» چەتئەلگە چىقىپ
ئوقۇشى 1951—1954 - يىللىرى پاكىستاندا ئوقۇتقۇچى
بولغان مەزگىلىدە دۇچ كەلگەن يېتىمسىرەش، قايغۇلۇق
ھالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئۇنىڭ ھەر قايسى ھۆكۈمەت
ئورگانلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ
تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئىلىم - پەندە ئارقىدا قالغان
ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچى كۈچ بولدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ شۇ يىللى-
رىدىكى ھالىتىم، ھازىرقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر-
دىكى ئالىملارنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدۇر. ئىلىم - پەننى تەرەققىي
قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە گۈللەندۈرىمىز دېسەك، ئىشنى تەرەققىي
قىلىۋاتقان ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ يېگانە يېتىملىك، قايغۇلۇق
ھالىتىنى ھەل قىلىشتىن باشلاش كېرەك. لېكىن، بۇ مەسىلىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى چوڭ توسۇق بار: بىرسى تەرەققىي
قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكىلەر پەنگە سەل قاراپ، «پەنسىز تېخ-
نىكا بولىدۇ دەپ ھېسابلىشى؛ ئىككىنچى، تەرەققىي تاپقان
دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە
ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەستىن، ئىلىم - پەننى
«دومىلاپ تۇرىدىغان خۇشاللىق» دېيىش، ھالبۇكى تەرەققىي
قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئېھتىياجلىقى تۆت چاقلىق ئات
ھارۋا ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇسسالام ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى
ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان بارلىق ئەللەر خەلقلىرىگە بىز تارىخ-
تىكى مەدەنىيەت يولىدا قايتا قەدەم قويماسلىقىمىز لازىم دەپ

بۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇ دائىم تارىختا تۈركىيىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىدىن كىشىلەرنىڭ ساۋاق ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. 1799 - يىلى تۈركىيىنىڭ پادىشاھى سېلىم III ياۋروپانىڭ مىلتىق ياساش تېخنىكىسى بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ماتېماتىكا، ترىگونومېترىيە، مېخانىكا، ئېتىش ئىلمى ۋە مېتال تاۋلاش ئىلمى قاتارلىقلارنى كىرگۈزىدۇ ۋە فرانسىيە، شۋىتسىيىلەردىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىدۇ، لېكىن تۈركىيە ياۋروپاغا زادىلا يېتىشىۋالالمايدۇ. تۈركىيىنىڭ مۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئادەتتىكى (مۇناسىپ) پەن ئاساسلىرىنى تەكىتلىمىگەنلىكتىن بولىدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان ئېتىقادىنىڭ جىددىيلىكى ۋە مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ دائىم ئېيتىپ يۈرىدىغان لوندۇننىڭ نوپۇزلۇق ژۇرنىلى «ئىقتىسادىي ئالىملار»نىڭ 1940 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سانىدا بېسىلغان مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمىز: «ئەگەر قوياش ئېنېرگىيىسى، دۇنياۋى ئېنېرگىيە بوھرانىنى ھەل قىلىدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇنداق ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگۈزلەردىكى رادىئاتسىيە ئەۋابلىرىدەك تۆۋەن تېخنىكا (19 - ئەسىرنىڭ ئىلىم - پەن) گە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە كۋانت فىزىكىسى، بىئو - خىمىيە ۋە 20 - ئەسىردىكى باشقا پەنلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تېخنىكىدا بۆسۈش قىلىش بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، تېخنىكىنى ئاساس قىلغان يۈكسەك سانائەت كەلگۈسىدە پۈتۈنلەي يېڭى پەنلەرگە تايىنىدۇ».



مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇسسالام 1960 - يىلى ئېچىلغان ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى تىنچلىق مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش توغرىسىدىكى بىر خەلقئارالىق يىغىندا، ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق نەزەرىيە فىزىكا مەركىزى قۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى ئىلىم - پەندىكى يېتىملىقتىن قۇتۇلۇش ۋە «مېڭىنى سىرتقا ئاقتۇرۇش» پىكىرلىرىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئابدۇسسالام كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ چاغدا بەكمۇ ساددا ئىكەنمەن، بۈگۈنكىدەك بولغان بولسام بۇنى ھەرگىز بۇنداق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتىم. كىشىلەر بۇ ئىشقا چاقچاق قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشتى»، لېكىن ئابدۇسسالام قىلچە بوشىشىپ قالمىدى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان قىيىنچىلىقلاردىن كېيىن، خەلقئارالىق نەزەرىيە فىزىكا مەركىزىنى 1964 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي قۇرۇپ ئىش باشلايدۇ. ئابدۇسسالام شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئىزچىل ھالدا بۇ مەركەزنىڭ رەھبىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ مەركەز (ICTP) ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن ICTP گە بارغان ئالىملارنى يالاڭ راسخوتى، بېرىش - كېلىش راسخوتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئالىملار بۇ مەركەزدە بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە تۇرۇپ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، «ئۆزلىرىنىڭ باتارېيىلىرىگە توك تولۇقلاپ» ۋەتەنلىرىگە قايتىپ

بارغاندىن كېيىن ئۆز تىلىگە: «يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق چېچىش» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئالاھىدە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. 1964 - يىلى، 1979 - يىللاردىن بۇرۇن بۇ مەركەزنىڭ تەتقىقات دائىرىسى پەقەت ساپ پەن بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، 1979 - يىلدىن كېيىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش، ئىلىم - پەننى قوللىنىش جەھەتكە يۆتكىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 1964 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1985 - يىل 9 - ئايغىچە ICTP تەخمىنەن 25 مىڭ ئادەم قېتىم زىيارەتنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 13 مىڭ ئادەم قېتىمنى تەرەققىي قىلىۋاتقان 90 دۆلەتتىن كەلگەنلەر تەشكىل قىلىدۇ. دۇنيا ئالىملىرىنى توپلىشالايدىغان ئورۇن بىلەن تەمىن قىلغان ICTP يالغۇز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى يېتىملىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان چارە بولۇپ قالماي، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى چوڭ پەرقىنى ئۆزگەرتىش، ئىلىم - پەننى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلەردە گۈللىنىشكە ئېرىشتۈرۈشتە غايەت زور تۆھپىلەرنى ياراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ بارلىقى ئابدۇسسالامنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

پاكىستان ئاتوم ئېنېرگىيىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئىشرەت ئوسمان، (IshretOsmani) ئابدۇسسالامنىڭ ئۆز ۋەتىنى پاكىستاننىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «پاكىستاننىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تىرىشچانلىقلار پۈتۈنلەي



دېگۈدەك ئابدۇسسالامنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىجادىيەت كۈچى ئالىجاناب پەزىلىتىنىڭ قۇدرىتىدىن كەلگەن. ئابدۇسسالام ئېلىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ساھاسىدىكى ئىپتىخارىمىز ۋە غۇرۇرىمىزنىڭ سىمۋولى».

بۇ كۈنگىچە ئالىملار بىزنى قورشاپ تۇرغان بۇ گۈزەل ئالەمدىكى ماددىلارنىڭ لېپتون ۋە كۇۋاركتىن تۈزۈلگەنلىكىنى، بۇ زەررىلەر گراۋىتون (graviton) (تارتىشىش كۈچى)، فوتون (ئېلېكتر ماگنىت كۈچى)، ئارىلىقتىكى بوزون (ئاجىز كۈچ)، گلىئون (gluon) (كۈچلۈك كۈچ) لەر ئارقىلىق ئۆز ئارا تەسىر قىلىشىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ئۇلۇغۋار ۋەزىپە قىلىپ، لېپتون بىلەن كۇۋاركنىڭ قۇرۇلمىسى قانداق؟ تۆت خىل ئۆز ئارا تەسىرنىڭ مەنبەسى تېخىمۇ ئاساسلىق بىرلا خىل ئۆز ئارا تەسىر كۈچىمۇ قانداق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشتى. دانىشمەن ئالىم ئابدۇسسالام دۇنيادىكى باشقا مۇنەۋۋەر ئالىملار بىلەن بىرنىڭ كەينىدىن بىرسى كۈچ تۆلەپ، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپە — چوڭ بىرلىك نەزەرىيىسى — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاساسىي كۈچلەرنىڭ بىرلىكىنى ئېچىش يولىدا ئىزدەنمەكتە. كىشىلەر چوقۇم ئەڭ تولۇق بىرلىكنىڭ ئۇزۇنغا قالماي بايقىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيانىڭ ھەقىقىي بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا، شۇنداق ماددىيلىقنى سېھىرگەرلەرنىڭ بىر ئىككى ئېغىز سۆزى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ پەلسەپەنىڭ ۋە تەبىئىي پەننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك

ۋە داۋاملىق تەرەققىياتى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.»

ئاساسىي تەبىئىي كۈچلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئۇ سان-ساناقسىز قىيىن ئۆتكەللەردىن باتۇرانە بۆسۈپ ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئېيىنشتېيىن جاپا چېكىپ 20 يىل ئىزدىنىشمۇ يېتەلمىگەن ئارزۇغا يەتتى.

ئابدۇسسالام بىر ھەقىقىي تالانتى بار ئىجتىھاتلىق تىرىشچان، كەڭ قورساق، كەمتەر، كىشىلەرگە ناھايىتى قىزغىن، ئۆزىگە تەلەپچان، خۇشخۇي ئادەم. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئالىملار تاپا-تەنىلەرگە، قارشى پىكىرلەرگە ھەممىدىن بەكرەك سەۋر تاقەت قىلالايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇگۇشلۇق ھەمكارلاشقىلى بولىدۇ».

ئابدۇسسالامنىڭ تۇرمۇشى خېلى ئاددىي ئۆتىدۇ. ئۇ 1964-يىلدىن باشلاپ ئىتالىيىنىڭ ئادرىياتىك دېڭىزى قولتۇقىغا توغرى كېلىدىغان كىچىك بىر شەھىرى تىرىستىدىكى خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا مەركىزىنىڭ رەئىسلىكىنى، ئەنگلىيە خانلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ ھەر ئايدا ئونكۈن لوندوندا، 20 كۈن تىرىستىدا ۋە پاكىستان، باشقا ئەللەرگە بېرىپ خىزمەت قىلغاچقا، بىرىتانىيە ئارىلى بىلەن ئاپېننىن يېرىم ئارىلى ئارىلىقىدا قاتنايدۇ. ھەر قېتىم ئىتالىيىگە كەلگەندە تاماق سومكىسىغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يۈرىدۇ. بىز جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى پەن-تېخنىكا ھەمكارلىق ئۆمىكى 83-يىلى 29-ئۆكتەبىردىن 5-نويابىرغىچە ئابدۇسسالامنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا سېنتىرىگە بېرىپ زىيارەتتە بولدۇق.

ئابدۇسسالام بىزگە «مەن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان نەزە-



رىيە فىزىكا تەتقىقات مەركىزى 3-دۇنيا ئەللىرى ۋە پەن-تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان مىللەتلەر ئۈچۈن پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكا پىكىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئۇلارنى قولاي تەتقىقات شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئاساسەن 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئالىملىرىنى كۆرەلەيسىلەر، سىلەرمۇ تەتقىقاتچى، بىلىم ئاشۇرغۇچىلارنى ئەۋەتسەڭلار قارشى ئالىمىز» دېدى ۋە بۇ مەركىزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى ۋە بىزنى سەمىمىي قىزغىن دوستانە كۈتۈۋالدى.

ئابدۇسسالام ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە ناھايىتى تەلەپچان ئادەم. نوبېل مۇكاپاتى سوممىسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان قىزى تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ماشىنىسى بارلىقىنى، بىر ماشىنا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، مۇكاپات پۇلىنى پەن-تېخنىكىدا ئىستىقبالى بار، تۆھپىسى بار ياشلارغا مۇكاپات بېرىشكە ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئابدۇسسالام جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستى. ئارىلىقنى يىراق دېمەي، ھېرىپ-چارچاشقا قارىماي جۇڭگوغا تۆت قېتىم زىيارەت قىلغان. 1963-يىلى تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا كەلگەندە رەئىس ماۋزېدوڭ ... جۇئېنلەي زوڭلىلار كۈتۈۋالغان. ئۇنىڭ بىلەن جوزۇڭلى، فىزىكا ئالىمى جوۋپېيۈەنلەر چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان ۋە ئۇنىڭغا جۇڭگودا ئىشلەتكەن بىر رادىئولىق سوۋغا قىلغان. ئۇ بۇ قىممەتلىك سوۋغىنى ۋە ئۇرۇقلۇن دۆلەت رەھبەرلىرى، ئالىملار تەقدىم قىلغان سوۋغىلارنى بىزگە مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرسەتتى. ئىككىنچى يىلى، پەن تەتقىقات مۇزاكىرە

يېقىندا قاتنىشقا كەلگەن بولۇپ، فىزىكا ئالىملىرىغا ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغان. 1972 - يىلى جۇڭگوغا كەلگەندە جوزۇڭلى گەرچە كېسەل بولسىمۇ دوستى ئابدۇسسالامنى قوبۇل قىلغان. قىزغىن سۆھبەتلىشىپ، جۇڭگو پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلغان. ئابدۇسسالام رەھبەرلىك قىلىۋاتقان نەزەرىيە فىزىكا تەتقىقات مەركىزى ھەر يىلى تۈركۈملەپ جۇڭگولۇق ياش ئالىملارنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ياش فىزىكلار بېرىشقا باشلىدى. يېقىندا ئابدۇسسالام، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان 3 - دۇنيا پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا تولۇق ئۇسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەپ قۇرۇپ بەرگەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئىنستىتۇتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا (8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) ئالاھىدە كېلىپ قاتنىشىپ كەتتى.

ئابدۇسسالامنىڭ 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقى بىزنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئاباس بۇرھان



أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطٰنِ الرَّجِيمِ

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

أَشْهَدُ أَنْ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ

مەن بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا، تەكلىپكە بىنائەن نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ماڭا بېرىلگەن بۇ شان - شەرەپكە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. گەرچە مەن سۆزلەيدىغان مەزمۇنلار مېنىڭ ۋەتىنىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھەققىدە بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرماي، جۇشقۇن ھېسسىياتىم بىلەن سۆزلەيمەن. چۈنكى، كۈۋەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى باشقا بارلىق مۇناسىۋەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

مەن بۈگۈن مۇھىم ئىلىم - پەن ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمەن. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ تامامەن ھەقلىق بولغان ئىززەت - ئابرويىمىزنى ساقلايمىز دېسەك، ئالدى بىلەن ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئىقتىدارىدىكى ئېھتىياجىمىز مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىشلىرى ھەمدە زۆرۈر بولغان پائالىيەت ۋە تەدبىرنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرىنى تۈتۈنىمەن. لېكىن مەن بۇ مەسىلىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى بىر نەچچە مىنۇت ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ زەررىچە فىزىكىسىنىڭ بەزى

تەرەققىياتلىرى، بولۇپمۇ ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇلار مەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىۋاتقان ئىلمىي مەسىلىلەردۇر.

## ئاساسىي كۈچلەرنىڭ بىرلىكى

فىزىكا ئالىملىرى بۇنىڭدىن پەقەت 20 يىل ئىلگىرىلا، ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنىڭ: تارتىش كۈچى ئېنېرگىيىسى، ئېلېكتر ماگنىت ئېنېرگىيىسى ۋە يادرو ئېنېرگىيىسىنىڭ ئىككى خىل شەكلىي بولغان ئاجىز تەسىر ئېنېرگىيىسى ۋە كۈچلۈك تەسىر ئېنېرگىيىسىدىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئېنېرگىيىنىڭ يۇقىرىدىكى شەكىللىرى بىر خىلدىن يەنە بىر خىلغا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تارتىش كۈچى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدىغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان. سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. يەنى مەسىلەن، قۇياشنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك يادرو ئېنېرگىيىسى قۇياش رادىئاتسىيىسى ۋە ئېلېكتر ماگنىت ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ. مەن 20 يىلنىڭ ئالدىدا، كەسپداشلىرىم بىلەن بىردەك ھالدا ھەر خىل ئالامەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىگە قاراپ، ئاجىز يادرو ئېنېرگىيىسى بىلەن ئېلېكتر ماگنىت ئېنېرگىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ دېگەن قاراشتا بولغانىدۇق. بۇ مەسىلە ئېنېرگىيىنىڭ بىر خىل



شەكلىدىن يەنە بىر خىل شەكىلگە ئۆزگىرىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن بەلكى بىزنىڭ بۇ يەكۈنىمىزنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئېلېكتر كۈچى بىلەن يادرو كۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈپكى پەرق يوق، ئۇلار پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، بىز مۇۋاپىق تەجرىبىخانا شارائىتىدا، نورمال كەيپىياتتا تۇرۇپ ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن بۇ ئوخشاشلىقنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بۇ نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش بىرىنچى قېتىم 1973 - يىلى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ چاغدا، جەنۋەدە تەسىس قىلىنغان ياۋروپا يادرو تەتقىقات تەجرىبىخانىسى (CERN) دا نېيترال ئېقىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەجرىبە ئارقىلىق بايقالدى، بۇ بىزنىڭ ئەنە شۇ نەزەرىيىۋى پەرىزىمىزنىڭ ئاساسلىق بۆلىكى ئىدى. 1978 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ستانفورد تۈز سىزىقلىق ئاككېلېراتور (accelerator - تېزلەتكۈچ) بۇنى ھەل قىلغۇچ دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ بىر قېتىملىق مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تەجرىبە ئارقىلىق، ئېلېكتر ماگنىت كۈچى بىلەن ئاجىز يادرو كۈچىنىڭ بىرلىكىنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپى (ئۆلۈك يادروسى) مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. نوۋوسىبىرسكىدىكى پروفېسسور باركوۋ باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپىنىڭ تەجرىبىلىرى بۇ خىل بىرلىكنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلىدى. شۇڭا، مەن يۇقىرىدىكى تەجرىبىخانىلار ۋە ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەزى چوڭ تەجرىبىخانىلاردا خادىملارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ئېلىپ بارغان دىققەت قىلىشقا ئەر-

زىڭگۆدەك بىر يۈرۈش تەجرىبىلەر ئاجىز يادرو كۈچى بىلەن بارلىق ئېلېكتر ماگنىت كۈچىنىڭ ئاساسەن ئوخشايدىغانلىقىنى دەلىللىدى.

نۆۋەتتىكى ۋەزىپە ئېنېرگىيىنىڭ 3 - خىل شەكلى (يەنى كۈچلۈك يادرو كۈچى) مۇشۇ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ بىر قىسمى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتۇر. بىز بەزى كەسىپداشلار بىلەن بىرلىكتە بۇ خىل پىكىرنى سىستېمىلىق بايان قىلدۇق ھەمدە تەجرىبە لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، بۇ خىل تەجرىبىلەر ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ھىندىستانلاردا ئىشلىنىشكە باشلىدى. ئەگەر بۇ تەجرىبىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان بولسا (يەنى ئېنېرگىيىنىڭ 3 - خىل شەكلى مۇشۇ پۈتۈنلۈكنىڭ بىر قىسمى بولىدىغان بولسا) خۇدانىڭ شەپقىتىگە شۈكرى ئېيتىمەن، بىز تەخمىنەن ئۈچ يىل ئىچىدە بارلىق يادرو كۈچلىرى (يالغۇزلا ئاجىز يادرو كۈچى بىلەن چەكلەنمەيدۇ) بىلەن ئاتومنى شەكىللەندۈرگۈچى ئېلېكتر كۈچىنىڭ ئوخشاش بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىمىز.

مۇشۇنداق بولغاندا، تارتىش كۈچى بىلەن يېقىندا ئېتىراپ قىلىنغان ئېلېكتر — يادرو كۈچىنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاش ئەڭ ئاخىرقى نىشان بولىدۇ، خالاس. بۇ بىرلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق: تارتىش كۈچى (ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشىگە ۋە ئاينىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىشىغا مەجبۇر قىلىدىغان كۈچ) ئېلېكتر كۈچى ۋە يادرو كۈچى قاتارلىق كۈچلەرنىڭ بارلىقى، بىر خىل تەسىر كۈچىنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. قارىماققا، بۇ-



گۈنكى كۈندە بۇ خىل قاراشقا ئىشەنگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بىز چوقۇم ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. يۇقىرىدىكى كۆز قاراشنى ئەڭ دەسلەپتە ئېينىشتېين ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن بۇنى ئېنىق، توغرا بايان قىلىش ۋە دەلىللەش ئۈچۈن تەخمىنەن 50 يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، مەن تالاش - تارتىشتا قالغان بۇ ئاخىرقى مەسىلىنى كەلگۈسىدە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن چىققان ياش بىر فىزىكنىڭ ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە تىلەيمەن.

سىرتقى كۆرۈنۈشى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ بىرلىكى ئۈستىدە تەۋرەنمەستىن ئىزدىنىش، بىز فىزىكلارنىڭ ئېتىقادىدۇر. شۇنداقلا مەندەك بىر مۇسۇلماننىڭمۇ ئېتىقادى. مەن ئاللانىڭ بىر قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۈشىنىپ يېتىشىنى شان - شەرەپ ۋە بەخت دەپ بىلىمەن. شۇڭا، تۆۋەنچىلىك بىلەن خۇداغا شۈكرى قىلىمەن.

ذٰلِكَ فَضْلُ اللّٰهِ يُؤْتِيْهِ مَنْ يَّشَآءُ وَاللّٰهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيْمِ ۝ (سوره الحديد آية ٢١ (سوره ٥٧)

«بۇ ئاللانىڭ پەزلىدۇر، (ئاللا) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، ئاللا ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر» (قۇرئان سۈرە ھەدىد 21 - ئايەت).

1979 - يىلى 12 - ئايدىكى نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمىدا مەن فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، تەكلىپكە بىنائەن ستوكھولمدىكى كاتتا ھەشەمەتلىك زىياپەت زالىدا شۋېتسىيە پادىشاھ ئائىلىرىنىڭ زىياپىتىگە تەشەككۈر ئېيتىپ سۆز سۆزلىگەنىدىم، مېنىڭ شۇ

چاغدىكى سۆزۈمنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر. بۇلار مېنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرلىكى ۋە سىممېترىكلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىمغا مۇناسىۋەتلىك بىر بۆلىكىدىن ئىبارەت.

فىزىكا ئىلمىنىڭ كەشپ قىلىنىشى — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، ئۇنى كەشپ قىلىشقا شەرق ۋە غەرب، جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئەللەر تەڭ قاتناشقان. ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتابىي قۇرئاندا مۇنداق بىر ئايەت قېيىن قىلىنغان.

اَلَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمٰوٰتٍ طِبَاقًا مَا تَرٰى فِي خَلْقِ الرَّحْمٰنِ مِنْ تَفٰوُتٍ فَارْجِعِ
الْبَصَرَ هَلْ تَرٰى مِنْ فُطُوْرٍ ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ
الْبَصَرُ خَاسِئًا وَهُوَ حَسِيْرٌ ۝ (سورة ملك آية ٣ (سورة ٦٧)

«ئاللا يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللانىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ». (قۇرئان سۈرە مۈلك 3-، 4-ئايەتلەر)

بۇ بارلىق فىزىكلارنىڭ ئېتىقادى — بىزنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە بىزگە يار-يۆلەك بولىدىغان ئېتىقاد. بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز قانچىكى چوڭقۇر بولغانسېرى، بىزنىڭ ھەيرانلىقىمىز شۇنچە ئاشىدۇ، كۆزىمىز شۇنچە قامىشىدۇ.

مەن بۇ گەپلەرنى بۈگۈن كەچتە كەلگەنلەرنى ئويغىتىش



ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى دۇنيا كىشىلىرى ئۈچۈن، يەنى ئىلىم - پەن ئۈستىدىكى ئىزدىنىش رىقابىتىدە پۇرسەت ۋە ماددىي بايلىق كەمچىل بولغانلىق سەۋەبىدىن ئارقىدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەرگە قارىتىپ دەۋاتىمەن.

## ئىلىم - پەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى

ئىلىم - پەننىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئارتاق بايلىقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىيات تارىخىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىغا ئوخشاش بەزى دەۋرلىك ئالمىشىشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن مەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چاغدا قىلغان سۆزۈمدە، مۇنداق بىر تارىخىي باسقۇچنى ئەسلەپ ئۆتكەنىدىم. بۇنىڭدىن 760 يىل ئىلگىرى، شوتلاندىيىلىك بىر ياش يىگىت ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىپ ئىسپانىيىدىكى تولېدو (Toledo) غا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىسمى مېخائىل (Mechael) بولۇپ، مەقسىتى تولېدو ۋە كوردۇۋادىكى ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تۇرۇپ ئىشلەش ئىدى. مېخائىل مىلادى 1217 - يىلى تولېدوغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئۇلۇغۋار بىر پىلان تۈزگەن. ئۇنىڭ پىلانى ئارستو تېلىنى لاتىن تىل سېستىمىسىدىكى ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇش ئىدى. ئۇ گىرېك يېزىقىدىكى ئەسلى نۇسخىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ئاندىن ئۇنى ئىسپانچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. كېيىن مېخائىل تولېدودىن سەپەرگە چىقىپ، سىتسىلىيە (Sicily) گە بېرىپ پادىشاھ

فىدېرىخ II نىڭ ئوردىسىغا كىرگەن. مىخائىل 1231 -يىلى
فرىدېرىخنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتى بىلەن سالېرنو مېدىتسىنا مەكتىپىنى
زىيارەت قىلغان ھەمدە دانىيە دوختۇرى ھېندرىك هاروبستران
(Hendrick Harpestrang) بىلەن كۆرۈشكەن (ھېندرىك كېيىن
ئېرىس IV ۋالدېمارسون پادىشاھنىڭ ئوردا دوختۇرى بولغان).
دانىيىلىك ھېندرىك سالېرنوغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قان ئېلىش
ۋە تاشقى كېسەللىكلەرگە دائىر ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ چىق-
قان (ستوكھولمنىڭ دۆلەت كۇتۇبخانىسىدا بۇنىڭ يەتتە تومى
ساقلىنىۋاتىدۇ). ھېندرىكنىڭ دەسلەپكى ماتېرىياللىرى ئىسلامى-
يەتنىڭ ئۇلۇغ ھەكىمى، پەخرىدىن رازى (Al—Razi) ۋە
ئىبىن سىنا (Avicehha) نىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى كىلاس-
سىك ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. ھېندرىككە بۇ ماتېرىياللارنى پە-
قەت شوتلاندىيىلىك ياش مىخائىل تەرجىمە قىلىپ بېرەلىگەن.

تولېدو ۋە سالېرنودىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، غەربتە
ئىلىم - پەن ئىجادىيەتلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
لېكىن، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىسلام ئەللىرىدە خې-
لى بۇرۇنلا يورۇتۇلغان ئەقىل - پاراسەت چىراغلىرى بۇ مەك-
تەپلەرگىمۇ يورۇقلۇق ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئىلىم - پەن ئىجادىيەت پائالىيىتىدىكى بۇ دەۋردى ئاي-
لىنىشنى مەن تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتىپ بېرەلەيمەن.
گېئورگې سارتون (George Sarton) ئۆزىنىڭ بەش توملۇق
ئىلىم - پەن تارىخى ھەققىدىكى ئۆچمەس ئەسىرىدە، دەۋرلەر-
نى پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بىلەن بۆل-
گەن، ھەر بىر دەۋرنى 50 يىلغا ئايرىپ، ھەر بىر 50 يىل-



نى بىر مەركەزلىك شەخسكە باغلىغان. مەسىلەن، سارتون
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 450 — 400 يىللارنى ئەپلاتون دەۋرى
دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللارنى ئايرىم - ئايرىم
ھالدا ئارستوتېل دەۋرى، ئېۋكلىد (Euclid)، ئارخىمېد دەۋ-
رى قاتارلىق دەۋرلەرگە ئايرىغان، مىلادى 600 - يىلدىن
700 - يىلغىچە بولغان دەۋرنى ئەي چىڭ ۋە شۈەن زاڭ ۋە-
كىللىكىدىكى جۇڭگولۇقلار دەۋرى دەپ ئايرىلغان. ئاندىن
مىلادى 750 - يىلدىن 1100 - يىلغىچە بولغان 350 يىلنى
جىملىسى جابىر (Jabir)، خارەزمى (Khwarizimi)، رازى
(Razi)، مەسئۇدى (Masudi)، ۋافا (wafa)، بىرونى
(Bruni)، ئىبىن سىنا، ئىبىن ھەسەن ۋە ئۆمەر ھەييام دەۋر-
لىرىگە ئايرىغان. بۇ شەخسلەر ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىس-
لام ئەللىرىگە مەنسۇپ بولغان ئەرەب، تۈرك، ئافغان ۋە پارس-
لار ئىدى. ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئەللىرىگە
مەنسۇپ بولغان خىمىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، جۇغراپىيە،
فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئىدى. گېئورگې سارتون-
نىڭ ئىلىم - پەن ھەققىدىكى ھېكايىلىرىدە، پەقەت مىلادى
1100 - يىلدىن كېيىنكى ۋەقەلەر سۆزلەنگەن چاغدىلا ئاندىن
غەربلىكلەرنىڭ ئىسمى يەنى سرېمونادىكى گېرارد (Gerad)،
روگېر باكسون (Roger Bdcon) لارنىڭ ئىسمى تۇنجى قېتىم
تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىبىن رۇشد
(Ibn—Rushd)، نەسرۇددىن تۇسى (Nasirud — din Tuei)
ۋە ئىبىن نەفىس (Ibn — Nafis) (بۇ ئادەم خورۋى-
Harrey دىن ئىلگىرى قان ئايلىنىش نەزەرىيىسىنى-

كەشپ قىلغان) قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ كېيىنكى
250 يىللىق تارىخ جەريانىدىكى شان - شەرەپ غەربلىكلەر
بىلەن ئىسلام مىللەتلىرىگە ئورتاق مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

ئۆزەم شۇغۇللىنىۋاتقان فىزىكا ئىلمىنى مىسال قىلىدى-
غان بولسام، ئەينى زاماندىكى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى ھا-
زىرقى زامان ئاتالغۇلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تۆۋەندىكى
نەتىجىلەر يېتىپ - ئېشىپ تۇرۇپتۇ:

قەدىمكى گرېكلەرنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە، ئىبنى سىنا
(Ibn—Sina) يەنە ئەبۇ-ئەلى ئىبنى سىنا دەپمۇ ئاتىلىدۇ
(980 - يىلدىن 1037 - يىلغىچە ياشىغان)، يورۇقلۇقنى، يو-
رۇقلۇق مەنبەسى چىقارغان، چەكلىك سۈرئەتتە تارقىلىدىغان
زەررىچىدىن ئىبارەت دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئىسسىقلىق، كۈچ
ۋە ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ زامانداشلىرى-
دىن بولغان ئىبنى ھېيسام (965-1039) (Ibn—AlHaitham)
ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ فىزىكا ئالىملىرىنىڭ بىرى بو-
لۇپ، يورۇقلۇق (ئوپتىكا) ئىلمىنى تەجرىبە قىلىش جەھەتتە
تۆھپە ياراتقان. ھەتتا ئۇ، فېرمات ئەڭ قىسقا ۋاقىت پرىن-
سىپىنى بايقاشتىن ئىلگىرىلا «نۇر مۇھىتتىن ئاسان ۋە تېز يېتە-
دىغان مۇساپە ئارقىلىق ئۆتىدۇ» دەپ جاكالىغان. ئۇ يەنە ئىن-
نېرتسىيە قانۇنىنىمۇ بىلەتتى. كېيىن بۇ قانۇن نيۇتوننىڭ
بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنى بولدى. ئۇ مېخانىكا ئاتالغۇلىرى
ئارقىلىق نۇرنىڭ سۇنۇش جەريانىنى بايان قىلدى، يەنى نۇر
ئىككى مۇھىتنىڭ چېگرا يۈزلىرىدىن ئۆتكەندە، «نۇر زەررىچە-
لىرى» نىڭ ھەرىكىتى كۈچلەرنىڭ تىك تۆت بۆلۈك قائىدى-



سىگە بويسۇنىدۇ دەپ قارىدى. بۇ قانۇن كېيىن نيوتون تەرى-
پىدىن بايقىلىپ، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدى. مىرو ئالىمى ئەل
خازىنىي (AL—Khazini) يەر شارى مەركىزىگە يۆلەنگەن
ئالەملىك تارتىشىش كۈچى نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ
ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى بار دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان.
قۇتبىددىن شىرازى (Quth—ud—Din Al—Shirazi)
(1236—1311 يىلغىچە) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى كامالۇددىن
(Kamal—du—din) تۇنجى قېتىم ھەسەن - ھۈسەننى چۈشەن-
دۈرگەن ھەمدە يورۇقلۇق (نۇر) سۈرئىتى مۇھىتنىڭ ئوپتىك
زىچلىقى بىلەن (ماددا زىچلىقى ئەمەس) ئەتۇر تاناسىپ بو-
لىدىغانلىقىنى، ھېچبىر بولا سىرتلىق لىنزا ئارقىلىق شار سىرتى
ئابېرراتسىيىسىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
قويغانىدى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردا مەن بىرونى (AL—Bruni)
(973 - 1048) نى تىلغا ئالمىدىم، ئەل بىرونى ئۆزىنىڭ زا-
مانداشلىرى ئىبنى ھېيسامغا ئوخشاش ئۇلۇغ بىر تەجرىبە ئالى-
مى ئىدى. ئۇنىڭ نوقتىئىنەزەرلىرى گالىلېيغا ئوخشاش ئوتتۇ-
را ئەسىرگە ئەمەس، بەلكى ئەڭ زامانىۋى ئېلىمغا تەۋە
ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن گالىلېي ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇس-
تەقىل ھالدا (بىرونى بۇرۇنراق) تەبىئەت قانۇنىنىڭ گالىلېي
ئۆزگەرمەسلىكىنى كەشپ قىلغان. ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندە
ئەل بىرونى بىلەن ئىبنى سىنانىڭ ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ
تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىر - بىرىگە يېزىشقان خەتلىرىنى
كۆرسىدىغان بولساق، ئەل بىرونىنىڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇللىرى

يەنىلا يېڭى بىلىندۇ. يۇقىرىدىكى ئادەملەر يالغۇز فىزىكا ئالىملىرىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، گېئولوگىيە، پەلسەپە ۋە ئاسترونومىيە ساھەلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە بىلىملىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇپ ۋە بايان قىلىپ، 11 - ۋە 12 - ئەسىردىكى فىزىكىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كىرگۈزۈلمىگەن؟ مانا بۇ ئىلىم - پەندە كىشىنى ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئىش. بۇنىڭغا شۇ چاغدا جەمئىيەتتە قايتا - قايتا ئۆزگىرىش بولۇپ، كېيىنكى ھۆكۈمدارلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ قارام ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىلىم - پەن ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى سەۋەب بولغان.

1350 - يىلدىن كېيىن ئىسلامىيەت دۇنياسى ئارقىدا قالدى. لېكىن، 1437 - يىلدىكى سەمەرقەنتنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغ بېگنىڭ (Ulugh Bəg) خانلىق ئوردىسى ئىلىم - پەننىڭ ئوچىقى ئىدى. چۈنكى، ئۇلۇغ بەگ ئۆزى قول ئاستىدىكى ئاسترونومىيە ئالىملىرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىپ بىرلىكتە ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. 1720 - يىلى دېھلىدىكى مۇغۇل (Mughul) پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا مۇھەممەت شاھ (Muhamad Shahi) نىڭ كالىندار ھېسابلاش كىتابى بارلىققا كەلدى. بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى ئەڭ ياخشى كالىندارنىڭ ياي گرادۇسىغا 6'



(مىنۇت) ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى.

گەرچە بۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقىدەك تۆھپىلەر بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئىلىم - پەن ئەنئەنىسى ئۇزاق ۋاقىتقىچە جانلىق ۋە جۇشقۇن بولالماي، سىرت بىلەن ئالاقە قىلالماي قاتمال ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

20 - ئەسىرگە كەلگەندە، شوتلاندىيىلىك مېخائىلدىن باشلانغان دەۋرى ئالەمشىمۇل بىر قېتىم تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلىم - پەن ئىجادىيەت ساھەسىدە، غەرب ئەللىرى ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرىگە تۆرتكە بولىدىغان نۆۋەت كەلدى.

بۇنىڭدىن بىر مىڭ بىر يۈز يىل بۇرۇن، ئەل كىندى (AL - Kindi) «ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەس. ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ھەقىقەتنىڭ پەللىسىگە چىققانلار ئۈچۈن، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدىن قىممەتلىك ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە ئورنىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ.» دەپ يازغان. ئەل كىندى شەك - شۈبھىسىز توغرا ئېيتقانىدى. مەيلى ئۇ قايسى يەردە تېپىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقەت دېگەن ھەقىقەت ئاللا بىزنى ئۆزى ياراتقان دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە خەلق ئەتتى مەن سىلەرگە ئاللانىڭ ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بىزگە تەلىم بەرگەن مۇنداق بىر دۇئا ئايىتىنى ئوقۇپ ئۆتمەكچىمەن.

وَقُلْ رَبِّ زِدْنِي عِلْمًا سورة طه - آية ١١٤ (سورة ٢٠)

«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!»
(قۇرئان سۈرە تاھا 114 - ئايەت)

بۇ يەردە سىلەرگە شۇنى دەپ ئۆتمەكچى، ئىلىم - پەن تارىخىدىكى بىر ئادەم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ 1967-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن هانس بېس (HangBeth) نىڭ هېكايىسى، ئۇ كاربوننىڭ دەۋرلىكىنى كەشىپ قىلدى. ئەنە شۇنىڭ بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ غايەت زور ئېنېرگىيە پەيدا قىلالايدىغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلدى. ئۇ دەل مۇشۇ كەشپىياتى ئارقىلىق نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. هانس بېس كاربوننىڭ دەۋرلىكىنى كەشىپ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۈنلەردە، خوتۇنى بىلەن يېڭى مېكسىكا ئوبلاستىنىڭ قاقاس بىر يېرىدە ئىشلەيتتى. يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان بىر كېچىسى، زورا بېس خېنىم ئېرىگە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار نېمە دېگەن يورۇق - ھە، دېگەندە هانس بېس خوتۇنىغا: «بىلەمسىز كېرەككى، هازىر پەقەت سىزلا يۇلتۇزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىردىن بىر ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىسىز» دېگەنىدى.

## ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەندە ئارقىدا قالغانلىقى

بىز ئىسلام ئەللىرى نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدۇق؟ بۇنىڭغا هېچكىم ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سىرتقى سەۋەبلەرمۇ بار. مەسىلەن، موڭغۇللارنىڭ كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقلىرى، بۇ ۋەيرانچىلىقلار كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەيرانچىلىقلار ئىلىم - پەننى پەقەت بىر مەھەل توزۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن چىڭگىزخاندىن (Chengiz) كېيىنكى 60 يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ نەۋرىسى هىلاكو (Halagu) ماراگادا بىر رەسەتخانا قۇرغان. پەيغەمبەرنىڭ كالتە



پەملىك بىلەن كۆزىتىشچە، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەندە ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئىچكى قىسىمدا دەپ ئويلايمەن. بۈگۈن مەن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەهلىل قىلىپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەيمەن. لېكىن، بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەرۋاسىز ۋە ئېتىبارسىز قاراشنىڭ هۆكۈم سۈرگەنلىكىنى ئەينى ۋاقىتتا، ئەڭ ئۇلۇغ جەمئىيەتشۇناس ۋە تارىخشۇناسلىرىنىڭ بىرى بولغان هەمدە پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ شانلىق پاراسەت ئىگىلىرىنىڭ بىرسى بولغان ئىبىن خەلدۇن (Ibn — Khldn) نىڭ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلايمەن.

شۇتلاندىيىلىك مېخائىلنىڭ سەپىرىدىن بىر يۈز يەتمىش يىل ئۆتۈپ يەنى، دەل دانىيىلىك هىندرىك ئىسلام دۇنياسىدىن ئىلىم قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىپ بىريۈز يەتمىش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىبىن خەلدۇن ئۆزىنىڭ مۇقەددىمە (M·quaddlma) دېگەن كىتابىدا: «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىي دېڭىز ياقىسىدىكى فرانسىيە تۇپرىقىدا، چوڭ بىر پەلسەپە ئىلمىنى ئۆگىتىش ئورنى بار ئىكەن. ئۇ يەرگە ئوقۇشقا بارغان كىشىلەر نۇرغۇنلىغان پەنلەرنى ئۆگىنىدىكەن، كىشىلەرگە سىستېمىلىق تۈردە ئالەمنىڭ جىمى مۆجىزىلىرىنى چۈشەندۈرۈدىكەن، بۇ بىلىملەرنى بىلىدىغان ئادەملەر ناهايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ناهايىتى نۇرغۇن ئىكەن... ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ دىننى ئىشلىرىمىزدا فىزىكىنىڭ قىلچىمۇ مۇهىم ئەمەسلىكىدە شەك - شۈبھە يوق. شۇڭا، ئۇ ئىشلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك» دېيىلگەن. ئىبىن خەلدۇن ئىلمىگە قىزىقمىغان، ئارزۇ-

مۇ قىلمىغان، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغان، ھەتتا ئىلىمنى ئۆچ
كۆرگەن. بۇ خىل پەرۋاسىزلىق يېتىملىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان
ئەل كىندىنىڭ ئەنئەنىسى — ھەر قانداق جايدىن ئىمكان قە-
دەر ئېھتىياجلىق ئىلىمگە ئېرىشىش ئەنئەنىسى ئەستىن چى-
قىرىپ قويۇشى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتىكى
ئىزدىنىشى ئەينى ۋاقىتتا يېڭىدىن مەيدانغا چىقىۋاتقان غەرب
ئىلىم - پەنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغان، ئۆ-
تىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىل ئىچىدە، مۇسۇلمانلار تەشنالىق
بىلەن ئىلىم ئىزدىدى. ئالدى بىلەن ئۇلار جۇندىشاپۇر
(Jundishapur) ۋە ھارراماندا (harraman) ئولتۇراقلاش-
قان گرېك ھەم سۈرىيە ئالىملىرىدىن ئىلىم ئالدى. ئۇ يەر-
لەردە گرېك ۋە سۈرىيە تىللىرىدا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر-
لەر بارلىققا كەلدى. ئاندىن ئۇلار باغدات، قاھىرە ۋە باش-
قا جايلاردا خەلقئارا ئالىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە خەلقئارا
رەسەتخانىلارنى قۇردى. بۇ يەرلەرگە ھەر قايسى ئەللەردىن
كەلگەن ئالىملار توپلانغانىدى. كېيىن، بۇنداق مۇئەسسەسەلەر
بىر قەدەر گۈللەنگەن غەرب دۇنياسىدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى.
ئۇ ئەڭ دەسلەپتە تولېدو ۋە سالېرنودا قۇرۇلدى. ئۇ يەرلەر-
دە ئېلىپ بېرىلغان قىزغىن تەرجىمە ئىشلىرىدا ئەرەب تىلى
ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئىناۋەتلىك ئىلمىي تىل دەپ قارالغانىدى.
لېكىن، بۇنىڭغا قارشى يۆنىلىشتىكى ھەرىكەت بىزنىڭ تۇپرىقى-
مىزدا كۆرۈلمىدى. بىز ئۆزىمىزنى يېتىم قالدۇردۇق. جاماتە-
كە ئايانكى، ئىلىم - پەن جەھەتتە ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇش
ئەقىل - پاراسەتنى نابۇت قىلىدۇ.
ئىبنى خەلدۇن دەۋرىدىن باش-



لانغان ئىلىم ۋە پاراسەتتە يېتىم قېلىش، قۇدرەتلىك ئىس-
لام ئىمپېرىيىسى، تۈركلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسى، ئىراننىڭ
سەپەۋى ئىمپېرىيىسى ۋە ھىندىلارنىڭ موغۇل خانلىقىچە دا-
ۋام قىلدى. ئىسلامىيەتتىكى بىر مۇنچە بىلىم تۈسىنى ئالغان
پەتىۋالار، ئىلىم - پەنگە توسالغۇ بولدى. ئۇ چاغلاردا پەننىي
تەتقىقاتنىڭ ھەر قانداق دىنىي مەدرىسلەرگە مەركەزلەشكە-
ندى. دىنىي مەدرىسلەردىكى ئېغىزاكى تارقىلىدىغان دىنىي ئە-
قىدىلەر يېڭىلىق يارىتىشتىنمۇ مۇھىم ھېسابلىناتتى. لېكىن
سۇلتانلار، پادىشاھلار، ياۋروپالىقلارنىڭ قولىغا كەلتۈرۈۋاتقان
تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى بىلمەي قالمايتتى. ئۇلار ۋېنتسىيە ۋە
گېنۇلىقلارنىڭ دېڭىزچىلىق ئىشلىرىغا، مىلتىق ياساش تېخنىكى-
سىغا ۋە پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ كېمە ياساش تېخنىكىسى ئار-
قىلىق باشقا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىپ ئېرىشكەن ئۇستۇنلۇكىگە
دىققەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا پور-
تۇگالىيىلىكلەر پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلارنى، جۈملىدىن
ئىسلام دۆلەتلىرىگە تۇتاشقان بارلىق دېڭىز - ئوكيانلارنى ھەم-
دە مەككىگە بارىدىغان دېڭىز يولىنىمۇ كونترول قىلىۋالغانىدى.

ئۇلار، پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ دېڭىزچىلىق تېخنىكىسى تا-
سادىپىي بولۇپ قالمىغانلىقىنى زادىلا تونۇپ يەتمىدى. بۇ
تېخنىكىلارغا ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش ھەمدە ھارماي - تال-
ماي ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولاتتى.
بۇ نەتىجىلەر 1419 - يىلى دېڭىزچى شاھزادە ھېنرى ئۆزى
بىۋاسىتە قول سېلىپ بەرپا قىلغان ساگرېس (Sagres) تەت-
قىقات مۇئەسسەسىدىن باشلاپ قولغا كەلگەنىدى. بىز ھەتتا بۇ

تېخنىكىلارغا ھەۋەس قىلغان ۋە ئۇنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان ئى-
چاغلىرىمىزدىمۇ، بىز ئىلىم - پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ ئەقەللىي
مۇناسىۋىتىنى يەنىلا چۈشىنىپ يەتمىدۇق. پەقەت 1779 - يىل
دىلا، پادىشاھ سېلىم III ياۋروپالىقلارنىڭ توپ - زەمبىرەك يا-
ساش تېخنىكىدا ئۈستۈنلۈككە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، فرانسى-
يە ۋە شىۋېتسىيىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، تۈركى-
يىلىكلەرگە ئالگېبرا، تىرگونومېترىيە، مېخانىكا، ئېتىش ئىلمى
ھەمدە مېتاللورگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ يېقىنقى زامان تەتقى-
قاتلىرىدىن دەرس ئۆتكۈزدى. لېكىن سېلىم III بۇ تەتقىقات-
لارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەكىتلىمە-
گەنلىكتىن، تۈركىيە، ياۋروپاغا زادىلا يېتىشەلمىدى. 30 يىل-
دىن كېيىن مىسىرلىق مۇھەممەت ئەلى كۆمۈر كان ۋە ئالتۇن
كانلىرىنى ئۆلچەش ۋە قىدىرىش جەھەتتە ئۆز خادىملىرىنى
تەربىيىلىدى. لېكىن، مۇھەممەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى
مىسىرلىقلارنى ئاساسىي جۇغراپىيە ئىلمى جەھەتتە يېتىشتۈرۈپ
تەربىيىلىمىدى. تېخنىكىنىڭ ئاشلىق ۋە كۈچ ئىكەنلىكىنى
تەدرىجىي تونۇپ يەتكەن بولساقمۇ، لېكىن تېخنىكىغا ئېرىشىشتە
يېقىن يولنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى يەنىلا تونۇپ يېتەلمەۋاتىمىز.
ئەمەلىي پەنلەرنى ئىگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاساسىي
پەنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ
بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر بىرەر ئادەم ما-
كىياۋېل (Machia well) چە شەخس (مەقسەتكە يېتىش ئۈ-
چۈن ۋاسىتە تاللىمايدىغان شەخس — تەرجىماندىن ئىزاھات)
بولۇپ، ئۇ «پەنسىز تېخنىكا» دىن ئىبارەت شوئارنى كۆتۈرۈپ



چىقسا، ئۇنىڭ بازارغا سالغان بۇ خىل پىكرىنىڭ يامان فە-
رەزدە ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشىمىز زۆرۈر. يۇقىرىدىكىلەرنى تە-
كىتلەش ئۈچۈن يېقىندا تارقىتىلغان تەسىرى كۈچلۈك ژۇرنال
«لوندون ئىقتىساد ئالىملىرى» لىرىدىن (1980 - يىلى 9 -
ئاينىڭ 27 - كۈنى نەشر قىلىنغان) قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن
پايدىلىنىش مۇكەممەللىكى ھەققىدىكى بىر ئابزاس سۆزنى نەقىل
كەلتۈرەي. ئۇنىڭدا: «ئەگەر قۇياش ئېنېرگىيىسى دۇنيا ئېنېر-
گىيە قەھەتچىلىكىنى ھەل قىلىدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئەلۋەتتە
19 - ئەسىردىكى پەن - تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەك-
شى ئۆگىزرادىئاتسىيە ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ھەل
قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭى بۆسۈش پە-
قەت كۋانت فىزىكىسى، بىئو - خىمىيە ياكى 20 - ئەسىردىكى
باشقا پەنلەرنىڭ قوللىنىلىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. تېخنىكىنى
ئاساس قىلغان بۈگۈنكى سانائەت كەلگۈسىدە پۈتۈنلەي يېڭى
پەنلەرگە تايىنىدۇ» دېيىلگەن.

### ئىسلام ئەللىرىدە ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 8 -، 9 -،
10 -، 11 - ئەسىرلەردە ئىلىم - پەن ئۈستىدە ئىزدەنگەنلى-
كى ھەمدە ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تې-
پىش قىيىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە پەيغەمبەرنىڭ
ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ. دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوك-

تور مۇھەممەت ئەجەبول خاتىپنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىلىم - پەننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتە مۇنۇ سۆزدەك پاسا-ھەتلىك سۆز يوق: «قۇرئان كەرىمنىڭ 250 ئايىتىدە شەرىئەت ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان، 750 چە ئايىتىدە بولسا (قۇرئاننىڭ تەخمىنەن سەككىزدىن بىرى)، مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى تونۇش ھەمدە ئەقىل - پا-راسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىلىم - پەن ساھەلىرىنى جەمئىيەت پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق - تەرغىب قىلىنغان».

مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىدە،

إِنَّمَا الْعُلَمَاءُ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ (حديث نبوي)

«ئالىملار، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېيىلگەن. بۇ شەرەپلىك نام پەن بىلىملىرىگە ئىگە بولغان ئالىملارغا مەن-سۇپ. چۈنكى، ئۇلار ئاللانىڭ ياراتقانلىرىنى چۈشىنىدىغان ئالىجاناپ ئادەملەردۇر.

پەيغەمبەر بىز ھەر بىر مۇسۇلمانغا مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ يىراق جۇڭگوغا سەپەر قىلىشىدىنمۇ يان-ماسلىق توغرىسىدا تەرغىپ قىلغان. بۇ يەردە مەن سىلەرگە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، «ئىلىم» دېگەن سۆزدىن باشقا بۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز يوق.



قۇرئان كەرىمدە ئىلىم - پەننى ئىگىلىگەن ئادەملەرنىڭ ئەۋزەللىكى تەكىتلەنگەن مۇنداق بىر ئايەت بار:

قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ۝

سوره زمر آیه ۹ (آیت ۲۹)

«بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ...؟»

(قۇرئان سۈرە زۇمەر 9 - ئايەت)

مانا بۇ سۆز ئاللانىڭ كىتابى — قۇرئاندىكى تەرغىبات بولۇپ، بۇ پۈتكۈل ئىسلام ئەللىرى بىلىشكە تېگىشلىك ئىلمىي ئاڭدۇر.

قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى — ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ئوخشاش ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆز بولغاندا، جىپ (H.A.R.G ·ibb) مۇنداق دەپ يازغان: «ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەندە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى زاتلارنىڭ ئۇلارغا باشقا جايغا قارىغاندا تېخىمۇ مەرتلىك بىلەن زور دەرىجىدە ئىنئام قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى شەرت قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان ئەللىرى ئاجىزلاشقانلىقى جايلاردا ئىلىم - پەن ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرىتىدىن ئايرىلدى. ئىلىم - پەنگە مەدەت بېرىشنى خۇشاللىق ۋە شان - شەرەپ دەپ بىلگەن پايتەخت ۋە باشقا جايلاردا ئىلىم - پەن مەشئىلى ئىزچىل تۈردە يالقۇنلىدى». بۇنداق مەھەللەر 14 - ئەسىرگىچە ئاساسەن داۋاملاشقان بولسىمۇ، كېيىن توختاپ قالدى. ئىستانبۇلدىكى رەسەتخانىنى پارتلىتىش ۋەقەسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

رەسەتخانىسىنى مۇراد III دېڭىز ئارمىيە توپچىلىرىغا بۇيرۇق بې-
رىپ پارتلاتتى. 16 - ئەسىردە ئالائۇددىن مەنسۇر قىن - قې-
نىغا پاتمىغان هالدا، بۇ ۋەقەنى شېئىر مىسرالىرى ئارقىلىق
ئوردا شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن
سەۋەبى، ئۇلۇغ بەگ ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزۈش ۋەزىپىسى-
نى ئۆتەپ بولغانمىش، كىشىلەرنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا ئېھتىياجى
چۈشمەسمىش. ئاندىن كېيىن ۋىليام ئېتون دەۋرىگە بارغاندىمۇ
مۇنداق چېكىنىش توختىمىدى. 1800 - يىلى ئوسمان ئىمپېرى-
يىسى ۋاقتىدا ئوردىدا تۇرۇشلۇق بىرىتانىيە ئەلچىسى (كۆنسو-
لى) مۇنداق دەپ يازغان: «دېڭىزچىلىقنى ۋە كومپاسنى ئىشلە-
تىشنى ئويلىشىدىغان هېچ كىشى يوق ... بېرىش - كېلىش،
پىكىر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ۋە پاراسەتنى ئويغىتىش
مەنبەسىدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تە-
كەببۇر هېسسىياتى ... چەتئەللىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىگە
قىزغىنىش كەيپىياتىدا بولۇشى، ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرى توسۇپ
قويۇۋاتىدۇ. بىرسىنىڭمۇ سالاهىيىتى ئەمەلدارلىققا توشمايدۇ.
توشقانلار سەپەر قىلماقچى بولسا قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ ... شۇن-
داق قىلىپ ئادەتتىكى ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى
كىشىلەر تونۇمايدۇ. كېمە ياساش، زەمبىرەك ياساش ۋە شۇنىڭ-
دەك نوقۇل تېخنىكا ئىشلىرىدىن باشقا، ئاساسىي پەنلەر بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى ساراڭ قاتارىدا كۆرىدۇ»، ئەڭ
ئاخىرىدا ئۇ هازىرقى زاماندىن بېشارەت بېرىپ: «ئۇلار ئۆز-
لىرىگە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشكە هاجەتسىز بولغان، كېرەك-
لىك ۋە قىممەتلىك تاۋارلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئادەم-



لەر بىلەن سودا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ»، دەپ ئۆز باهاسى-
نى ئاياغلاشتۇرغان.

بىز تارىختىكىدەك يەنە ئىلىم - پەن دۇنياسىدا ئالدىن-
قى قاتارغا ئۆتەلەمدۇق-يوق؟ مەن سەمىمىيلىك بىلەن شۇنى كۆر-
سىتىمەنكى، ئەگەر پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز ئەنە
شۇنداق ئۈمىدلىك نىشاننى كۆزلەيدىغان بولسىلا، بىز يېتەلى-
شىمىز مۇمكىن. ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىسى ۋە باشقا مىل-
لەتلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ
ساقلىشىمىز كېرەككى، ئىلىم - پەندە ئاسان يول يوق. بۈگۈن-
كى شارائىتتا، بىر دۆلەتنىڭ ياشلىرى مۇشۇنداق نىشانغا قىز-
غىنلىق بىلەن ئىنتىلىشى هەمدە دۆلەت ئۇلارغا مەدەت بېرىشى
كېرەك. ئىشچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىلىم - پەندە جاپالىق
مەشق قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. خەلق ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقى-
رىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن ئىككى پىرسەنتى-
گىچە بولغان قىسمىنى ئاساسىي پەنلەر ۋە ئەمەلىي پەنلەرنى
تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئاجرىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز،
كەم دېگەندە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوندىن بىر قىسمىنى خاس هال-
دا نوقۇل ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاجرىتىشىمىز
كېرەك. ياپونىيە مېيجى يېڭىلاش دەۋرىدە شۇنداق قىلغانىدى.
ئەينى ۋاقىتتىكى تيەنخۇاڭ پادىشاھ تەختكە چىقىش قە-
سەمياد نۇتقىدا: «بىلىم مەيلى ئۇ يەر شارىنىڭ هەر قانداق
يىراق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا ئېرىشىشى-
مىز لازىم.» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇن سوۋېت ئىت-
تىپاقىمۇ شۇنداق قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيە-

سىنىڭ (ئۇلۇغ پېتىر ئىمپېرىيىسى زامانىسىدا قۇرۇلغان) خادىملىرى كۆپەيتىلدى ھەممە ئۇلار بارلىق ساھەلەردە ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۈگۈنكى كۈندە سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئالىملار توپلانغان ئاپتونومىيىلىك تەشكىلات بولۇپ قالدى. كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمى ئاستىدا، ھەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالىملارغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇلار تولۇق ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان يىراقتىكى قەدىمىي دۆلەت — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تېز سۈرئەت بىلەن پىلانلىق تۈردە ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرماقتا. ئۇلار يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى، ئالەم بوشلۇقى ئىلمى، ئىرسىيەت ئىلمى، مىكرو ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، ئاتوم فوسئون (fosion) فىزىكىسى ۋە ئىسسىق يادرو تىزگىنلەش جەھەتلەردە ئەنگلىيە بىرلەشكەن پادىشاھلىقىغا يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشتىن ئىبارەت نىشانىنى بەلگىلىدى. جۇڭگولۇقلار بارلىق ئاساسىي پەنلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك پەنلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۈگۈنكى ئالدىنقى قاتاردىكى پەنلەر، ئەتە ئەمەلىي پەنلەرگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىز چوقۇم ئىلىم - پەننىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىشىمىز كېرەك، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىشىلەر ئىسلام، ئەرەب ئەللىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جۇڭگودىن كۆپلۈكىنى شۇنىڭ بىلەن



بىر ۋاقىتتا، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە تەبىئىي بايلىقى جەھەتتە ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. لېكىن، جۇڭگو پەقەت بىر نەچچە ئون يىلدىلا ئىلىم - پەن جەھەتتە بىزدىن ئېشىپ كەتتى. بىز كەم دېگەندە جۇڭگوغا يېتىشىۋېلىش ۋە جۇڭگودىن ئۆتۈپ كېتىش دېگەن نىشانىنى بەلگىلىسەك بولامدۇ - يوق؟ بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك.

يۇقىرىدا ئىلىم - پەنگە مەدەت بېرىش ئۈستىدە توختالدىم. بۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بىخەتەرلىك ۋە ئىزچىللىق مەسىلىسىدۇر. مانا بۇ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسە، ھازىر ئەرەب ۋە پاكىستاننىڭ پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق. ئەگەر ئۇلاردا زۆرۈر بولغان ئىقتىدار بولسا، ئۇلار ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدە ئۇزاق ۋاقىت تۇرىمەن دېسە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلار قوغدىلىنىدۇ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ھەممە ئۇ يەردە ئۇلار تەڭ باراۋەرلىك شارائىتىدا ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە بۇ ساھەدە ئىلگىرىلەشكە ئىمكانىيەت بار.

ئۆزىمىزگە جەمئىيىتىمىزدە بىزنىڭ ئەنە شۇنداق قىلىشقا يول قويۇلامدۇ - يوق؟ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن ۋاقىتلىق پىكىر - ئىختىلاپلىرى بولغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملارنى كەمسىتىمىزمۇ - يوق؟ ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى توختىتىپ قويىمىزمۇ - يوق؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇپ بېقىشىمىز كېرەك.

مەن بۇ سۆزۈمدە، باشتىن - ئاخىر ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتە ئىتتىپاق تۇرۇش مەسىلىسى

ئۇستىدە توختالدىم. گەرچە بۇ دۆلەتلەردە ھازىر سىياسىي جەھەتتىن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئىلىم-پەن ئىتتىپاقى ئەينى زاماندا يەنى ئىسلام ئىلىم - پېنىنىڭ ئۇلۇغ دەۋرىدە مەۋجۇت ئىدى. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇلۇغ زات ئىبنى سىنا ۋە ئەل بىرۇنى قاتارلىقلار ئەرەب يېزىقىدا تەبىئەتنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ زامانداشلىرى بىزنىڭ فىزىكا ساھەسىدىكى قېرىندىشىمىز ئىبنى ھەيسام ئاببباس خەلىپىكى (Abbasicaliph) تەۋەلىكىدىكى ئۆزىنىڭ يۇرتى بەسرىدىن ئايرىلىپ، ئاببباس خەلىپىسىنىڭ رەقىبى فاتىمى — خەلىپىلىكى (Fatmicaliph) ئەلھاكىم (Al — Hakim) نىڭ ئوردىسىغا كېلىپ تۇرغان. گەرچە، ئۇ چاغلاردىكى سىياسىي ۋە دىنىي تالاش - تارتىشلار ھازىرقىدىن كۆپ كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن ئىبنى ھەيسام شۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە كۈتۈشكە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. بۇ خىل ئىلىم - پەن ئىتتىپاقىنى ئاڭلىق تۈردە تەشكىللەش زۆرۈر. بۇ ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىمىز ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن يەنىمۇ قوللىشىغا مۇھتاج. بۈگۈن بىز ئىسلام، ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن ئالىملار كىچىك بىر تەشكىلات تۈزدۇق. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىلىم - پەن مەنبەئەسى ۋە ئىلىم-پەن ئىجادىيەت كۆلىمى، خەلقئارا سەۋىيىسىنىڭ يۈزدىن بىرىدىن ئوندىن بىرىگىچە توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنى يىغىپ، خۇددى بىر ئەمەلىي مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان تەشكىلاتتەك خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ



تەبىئىي راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتلىرىمىزدىن تۆلەم ھوقۇقىنىڭ ئۇزارتىلىشىنى ياكى تۆلەمدىن خالاس قىلىشىنى توختام قىلىشقا ئىگە بولۇشىمىز لازىملىقىنى پەرەز قىلىشقا بولامدۇ، ئالايلى، كېيىنكى 25 يىلدا، بۇ ئىلىم - پەن ئىتتىپاقىدىكى ئالىملار ۋە بۇ ئاممىۋى خاراكتېردىكى ئىلىم - پەن تەشكىلاتى، ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى ئالاھىدە بىر تەشكىلات قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ قوغدىلىشى كېرەك. سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۆتمۈشتىكى ئىسلام ئىلىم - پەن ئىتتىپاقىدەك مۇئامىلە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنسا بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى مەسىلە، بىزنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتىكى تىرىشىشىمىز بىلەن خەلقئارا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئالاقىگە توسالغۇ بولىدىغان مەسىلىدۇر. كىشىلەر شۇنىڭغا ھەيران بولماقتىكى، پەقەت مىسىرلا 16 خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغاندىن سىرت، باشقا ھەر قانداق ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بەشتىن ئارتۇق پەندە خەلقئارالىق ئىلىم - پەن ھەمكارلىقىغا قاتنىشىپ كۆڭۈللۈك ئىمزا قويۇپ باققىنى يوق. بىزنىڭ بۇ ئەللەردە خەلقئارا پەن - تەتقىقات مەركەزلىرى قۇرۇلۇپ باقمىدى. خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز ئېچىلىدۇ. تۇرمۇشىنى ئۆز دۆلەتلىرىدە ئۆتكۈزۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئالىملار چەتئەلگە چىقىپ باشقا ئىلىم - پەن ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىش ۋە يىغىنلارغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالاھىدە رۇخسەت قەغىزى ئېلىش تېخىمۇ قىيىن بولۇپ تۇرماقتا. ھەتتا، مۇنداق سەپەرنى پۇلنى بۇزۇپ

چېچىش دەپ قارىماقتا. نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان ئەرەب ئەللىرىدە شارائىت بىر ئاز ياخشىراق. ئەرەب ئەللىرىدىن باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىنىشلىق. دەل مانا مۇشۇنداق ئالاقىنى ئۈزۈپ، توساق پەيدا قىلىش مېنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. مەن ئۇ يەردە ئۇزۇن يىل ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. مانا مۇشۇ خىل ئالاقىنى ئۈزۈپ توساق پەيدا قىلىش مېنى تريېست (Trieste) دا خەلقئارا فىزىكا تەتقىقات مەركىزى (سېنتىر) قۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمدى جەمئىيەتتىكى ئورنى ماڭا ئوخشاش بولغانلار ئۈچۈن مۇنداق ئازابلانغان تالالاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. تريېستتىكى خەلقئارا فىزىكا تەتقىقات مەركىزى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيە مۇئەسسەسەسى بىلەن ب د ت نىڭ ئىلىم - پەن مائارىپ تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ئىككى خەلقئارالىق ئورگاندىن ئىبارەت. بۇ مەركەز ھەر يىلى شۇ يەردىكى ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بىر يۈز نەپەر فىزىكا ئالىملىرىغا ماددىي ياردەم بېرىدۇ. كىشىنى ئازابلايدىغان يېرى شۇكى، بۇ ماددىي ياردەملەرنىڭ مەبلىغى ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدىن كەلمەي، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاساسىي جەھەتتىن ب د ت، ئىتالىيە ۋە شۋېتسارىيىدىن كېلىدۇ.

بىز يالغۇز بىر مۇنچە ئالىملاردىن ئايرىلىپ قېلىشلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارالىق نورمال سەۋىيىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ دۆلەتلىرىمىزنىڭ ئىلىم- پەننى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن غەربنىڭ ياكى سوۋېت ئىتتى-



پاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلىم - پەن تەشكىلاتلىرىدىكى ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىزدە پىششىقان كەسپىي ئاپپاراتلار سىستېمىسى يوق دېيەرلىك. ئىچكى باھالاش كومىتېتىمۇ يوق. ھۈنەر سانائىتىنىڭ سەۋىيىسى ياكى سۈپىتى ھەققىدە مۇستەقىل تەتقىقات تېمىمۇ يوق. ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىلىم-پەن فوندى يوق، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ مەنبەسى تېخىمۇ يوق.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىدا، ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشى تۆۋەندىكى بەش شەرتكە باغلىق: بۇلار، مەجبۇرىيەتنى قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش؛ مەرتلىك بىلەن ياردەم قىلىش؛ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىلىم-پەن ئىشلىرىدا ئۆزى-ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە خەلقئاراغا يۈزلىنىش قاتارلىقلاردۇر.

## دۆلەتلىرىمىزنىڭ تېخنىكىسى

ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىمدە تەفەككۇر (تەپەككۇر) تەكىتلەنگەنگە ئوخشاش تەسخىر (تىزگىنلەش) مۇ تەكىتلىنىدۇ. يەنى پەن بىلىملىرى ئارقىلىق تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش، تەبىئەتنى تونۇشقا ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا، ئاخىرىدا تېخنىكا مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. قۇرئاندا مۇنداق بىر ئايەت بار:

اَللّٰهُ الَّذِىْ سَخَّرَ لَكُمُ الْبَحْرَ لِتَجْرِىَ الْفُلْكُ فِيْهِ
بِاَمْرِهٖ وَلِتَبْتَغُوْا مِنْ فَضْلِهٖ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُوْنَ ۝
وَسَخَّرَ لَكُمْ مَّا فِى السَّمٰوٰتِ وَمَا فِى الْاَرْضِ جَمِيْعًا
مِّنْهُ ط اِنَّ فِيْ ذٰلِكَ لَاٰيٰتٍ لِّقَوْمٍ يَّتَفَكَّرُوْنَ ۝ (پ٢٥ سورة الجاثية)

«ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (ئاللاغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللا سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللانىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار.» (قۇرئان سۈرە جاسىيە 12 -، 13 - ئايەتلەر).

قۇرئاندا بىزگە داۋۇت ۋە سۇلايمانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ تېخنىكىلىرىنى پىششىق بىلەتتى.

وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ "

«تۆمۈرنى داۋۇتقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق... (بىز ئۇنىڭغا) مۇكەممەل زاۋۇتلارنى ياسىغىن (دېدۇق)...
شامالنى ئۇنىڭغا (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق). (قۇرئان سۈرە سەبەئ 10 -، 12 - ئايەتلەر)

مېنىڭ پەمىمچە، يۇقىرىدىكى گەپلەر ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلا ئارقىلىق شەھەر، كوچا، ئۆردا، توسما ۋە سۇ ئامبار قۇرۇلۇشلىرىنى ياساشقا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. بىز ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (Dhul—qarnain) نىڭ تۆمۈر پارچىسى ۋە ئېرىتىلگەن مىستىن مۇداپىئە ئىستىھكامى ياسىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىمىز



يوق. شۇڭا، مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسى، چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى ۋە ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم ئىدى. ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئايان بولغان مۇقەددەس كىتابىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدىكى ئىشلار ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەتلەر بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئۈلگىلەردىن ئىبارەتتۇر.

تِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ "

«بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللانىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز» (قۇرئان سۈرە ھەشر 21 - ئايەت)

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، تېخنىكىنى ماھىرلىق بىلەن ئىگىلىشىمىزگە نېمە كاشىلا قىلدى؟ ئەرەب ئەللىرىدەك ئون يىل ئىچىدىلا زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇنداق تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ياساشقا غايەت زور مەبلەغنى ئاجرىتىش، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. م. زاھلان (Zahlan) نىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1978 - يىلىغا كەلگەندە، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن چەتئەل سودىگەرلىرى ئوتتۇرىسىدا 400 مىلياردتىن ئارتۇق ئامېرىكا دوللىرى ئاساسلىق تېخنىكىلىق توختاملارغا خىراجەت قىلىنغان. بۇ قۇرۇلۇشلار ئاساسەن، ھىدرو كاربون ۋە نېفىت خىمىيىسى (160 مىليارد)، خەلق قۇرۇلۇش (ترانسپورتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ 80 مىليارد)، پولات تۆمۈر زاۋۇتى، دورا زاۋۇتى ۋە خىمىيە زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئال-

ىمان زاۋۇتلار (40 مىليارد) قاتارلىقلار.
ئەپسۇسكى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ زور كۆپچىلىكى تېخىچە ئۆتتۇ-
نۇش يولغا قويۇلمىغان ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان. قۇرۇلۇش ئې-
لىپ بېرىلىش جەريانىدا، ھەمكارلىشىش بولمىغان، يېڭىدىن
تەسىس قىلىنغان ئەرەب تېخنىك - قۇرۇلۇش خادىملىرى تەت-
قىقاتچىلار تەشكىلاتىمۇ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇلمىغان. بۇنىڭ
سەۋەبى قۇرۇلۇشنى نۇرغۇن ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈۋەتكەن.
مەسىلەن، زاھلاننىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1976 -
يىلى ئىشلەشكە باشلىغان نېفىت خىمىيە ساھەسىدىكى 584
قۇرۇلۇشنىڭ 83 نى خەلقئارا سودا ئورۇنلىرى لايىھىلىگەن. بۇ
قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىدىكى 16 ئورنىدا زاۋۇتنىڭ بىرى ئالجىرى-
يىنىڭ، بىرى مىسىرنىڭ، ئىككىسى ئىراقنىڭ، تۆتى كۇۋەيتنىڭ،
بىرى لىۋىيىنىڭ، ئىككىسى قاتارنىڭ بىرى سەئۇدى ئەرەبىستا-
نىنىڭ، بىرى سۇدانىنىڭ، بىرى سۇرىيىنىڭ، بىرى ئەرەب بىرلەش-
مە خەلىپىلىكىنىڭ ئىدى. پۈتكۈل ئەرەب ئەللىرىدە، بىرەر دۆ-
لەت ياكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئىتتىپاق گەۋدىسىمۇ، بۇ
قۇرۇلۇشلارنىڭ لايىھىسىنى ھۆددە قىلالايدىغان ياكى قۇرۇلۇشنىڭ
ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان تېخنىكا ئاساسى، بۇرۇنمۇ ۋە
ھازىرمۇ يوق. ئۇلاردا قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە زۆرۈر
تېپىلغاندا قۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىپ ئېلىپ بارالايدىغان ئىقتىدا-
رىمۇ يوق. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ياپونىيىنىڭ ئاھالىسى ئەرەب
دۆلەتلىرى بىلەن تەڭ دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار 20
يىلنىڭ ئالدىدىلا نېفىت خىمىيە ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ
ياساپ چىقتى. ئەنە شۇ ياپونىيىلىكلەر دەسلەپتىلا مۇشۇ ماشى-



نىلارنى ئېكسپورت قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. شۇڭا، يېقىنقى
20 يىل ئىچىدىكى ياپونىيىلىكلەر زاۋۇتنىڭ ئۈچتىن بىرى
ئېكسپورتنى قامداش ئۈچۈن قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ياپونىيىلىكلەردە
خىزمەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قابىلىيەت بولۇپلا قالماي، ئۇ-
لاردا يەنە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇدرەت تاپىدىغان بىر خىل
روھمۇ بار. ئەرەب ئەللىرىدىن باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە سې-
لىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سانى بىر قەدەر ئاز، ئېلىپ بېرى-
ۋاتقان قۇرۇلۇشلىرىمۇ ئاز. بۇندىن باشقا قالغان ئەھۋاللارمۇ
يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

ياساش ساھەسىدە، ئۆزىنى - ئۆزى تولۇق تەمىنلەشكە
ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭغا شۇنداق
جاۋاب بېرىشكە بولىدۇكى، ئىشنى ھەل قىلىدىغان ئادەملەر
كەسىپ ئەھلى بولمىغانلىقتىن، شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىققان.
بىزنىڭ دۆلەتلىرىمىز پىلان تۈزگۈچى خادىملار بىلەن باشقۇر-
غۇچى خادىملارنىڭ دۆلەتلىرىدۇر. تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بەلگىلەش
ھوقۇقى يوق. پاكىستاندىكى پىلان كومىتېتى قارمىقىدا، پەن-
تېخنىكا تەشكىلاتى يوق. ئۆتمۈشتە ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى
ھىندىستاننىڭ مەمۇرىي مەھكىمىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئەنئەنى-
لەر تېخىمۇ ناچار ئىدى. بۇ خىل ئەنئەنە بويىچە تېخنىكا خادى-
ملىرىنىڭ ئۆز كەسپىدىن باشقا بىرەر ئىشنى بەلگىلەيدىغان
ئىقتىدارى بولمايدۇ. تېخنىكا خادىملىرىنىڭ نەزەر - دائىرىسى
كەڭ بولمايدۇ، پىلان تۈزۈش ۋە خىزمەتلەرنى بەلگىلەش جەھە-
تە ئۇلار يېتەرلىك تەربىيە ئالمىغان دەپ قارىلىدۇ. ياپونىيە،
جۇڭگو، چاۋشيەن، شۋېتسارىيە، فرانسىيە ۋە باشقا بارلىق ئۆز

كۈچىگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەللەردە، ئالىملار، تېخنىكا خادىملىرى دۆلەت ئورگانلىرىنى ۋە سانائەت تەرەققىياتىنى باشقۇرىدىغان خادىملار بىلەن بىللە ئۆزئارا خىزمەت ساھەسىدە سەمىمىي ھەمكارلىشىدۇ، ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. يۇقىرىقى خىزمەتلەرگە پائال قاتنىشىدۇ ۋە جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدۇ.

ئەمەلىي پەنلەر، سانائەت پەنلىرى ۋە ئاساسىي پەن تېخنىكىدىن باشقا، يەنە يېزا ئىگىلىك، جامائەت ساقلىقى، ھاياتلىق قۇرۇلۇش، ئېنېرگىيە مەنبە سىستېمىسى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ساھەلەردىمۇ ئەھۋال خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش. يېقىندا تۆرە لوردمۇۋنباتتېننىڭ ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سوللى زۇكېرمان (Solly Zuckerman) ئەپەندى ھەمدە كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۆرە بىلاكېت (Lord Blackett) قاتارلىق ئالىملارنىڭ بىللە خىزمەت قىلغان كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. لوردمۇۋنباتتېن 1939 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم ئالىملارنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇلارغا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ، ئالىملارنىڭ ئۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى بىر جەدۋىلىنى تارقاتقانىدى. بۇ جەدۋەلنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زوكېمان ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قارىشىڭىزنى تەپسىلىي چۈشەندۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىزنى ئۆزىڭىزنىڭ يېقىن سىردىشى قاتارىدا كۆرۈپ، مەقسىتىڭىز نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋېرىڭ؛ بىز توسالغۇ ۋە مەسىلىنى ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىپ، ئاندىن



ھەممىمىز بىرلىكتە سىز ئوتتۇرىغا قويغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يولنى تاپايلى.»

## ئۈچ مۇراجىئەت

مەن نېمە ئۈچۈن ئىلىم ئىجاد قىلىش ئىشلىرىنى ناھايىتى قىزغىن تەشەببۇس قىلىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزدە ئاللا ئاتا قىلغان كۈچلۈك ئىلىم ئېلىش ئارزۇسى بولۇشتىن باشقا، بۈگۈنكى شارائىتتا بىلىم ـ كۈچ، ئەمەلىي پەن ـ ماددىي ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق ۋاستە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بىز خەلقئارادا ئىجتىمائىيەتنىڭ ئەزاسى بولساقمۇ، باشقىلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ، بىز بىلىمنى ئىجاد قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىشى ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچراۋاتىمىز. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ياۋروپادىن كەلگەن نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىنى ئالغان كىشىنىڭ سۆزى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ: «ئابدۇسسالام، سىز راستىنلا بىزنى ئەزەلدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەن غەزىنىسىگە بىرەر نەرسە قوشمىغان باكى ياراتمىغان مىللەتلەرنى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتىمىز بار دەپ تونۇمسىز؟» ــ دەپ سورىدى. ئۇ بۇ گەپنى دېمىگەن تەقدىردىمۇ، مەن ھەر قېتىم دوختۇرخانىغا كىرسەم، ھازىرقى ھەر خىل جاننى قۇتقازغۇچ ئۈنۈملۈك دورىلار (پېنىتسىللىندىن تارتىپ) نىڭ ھېچقايسىسىنى 3 ـ دۇنيا ئەللىرى، ئەرەب ياكى ئىسلام ئەللىرى كەشپ قىلمىغانلىقىنى ئويلىسام قاتتىق

غورۇرىمغا تېگىدۇ.

مەن سۆزۈمنى ئۈچ مۇراجىئەت بىلەن ئاياغلاشتۇرماقچىمەن. بىرىنچى مۇراجىئىتىم، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق ئالىملارغا ۋە كەسپداشلىرىمغا: ئىككىنچى مۇراجىئىتىم، ئۆز تەلىماتلىرى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزنى ئالغا يېتەكلەۋاتقان خادىملارغا: ئۈچىنچىسى، دۆلەتلىرىمىزنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىن كۈتۈدىغان ئۈمىد. مەن سۆزۈمنى ئالدى بىلەن قېرىنداشلىرىمغا ۋە ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشلايمەن. بىزنىڭ ئادىمىمىز بەك ئاز. تەشكىلاتىمىزنىڭ كۆلىمى ھەر قايسى ساھەدىن ئېيتقاندا يەنىمۇ كىچىكلەپ كەتسە بولمايدۇ.

لېكىن بىز بىر ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ئىتتىپاقلاشساقلا ئۇ چاغدا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. قىسقىسى، ھەقىقىي ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشى بىزگە باغلىق. گەرچە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاز بولسىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا سۈپەت جەھەتتىن بولسىمۇ بىزدە ئۇلۇغۋار ئىرادە بولسا پۈرسەتتى كەلگەندە زادى ئاجىزلىق قىلمايمىز. مەن سىلەرگە بۇ يەردە جامال ئابدۇلناسىرنىڭ (Jxmadbülnasser) سۆزىنى تەكرارلاپ ئۆتىمەن، ئۇ: «غۇرۇرۇڭ بىلەن قەددىڭنى كۆتەر، ئۆزەڭگە ھۆرمەت قىل» دېگەنىدى. 1946 - يىلى مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ كېمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن ۋاقتىمدا، ئۆزەم بىلەن بىر قاراردىكى ئەنگلىيىلىك ئوقۇغۇچىلاردىن يېشىم چوڭراق، بىلىمىم ئۇلاردىن كۆپرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار نيۇتون،



ماكسۋېل، دارۋىن، دىراكلارنىڭ يۇرتىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. ئۆتمۈشنى ئەسلىسەكلەر، سىلەرنىڭ دۆلەتلىرىڭلاردىمۇ ئىبنى ھېسام، ئىبنى سىنا، ئەل بىرۇنىدەك كىشىلەر ئۆتكەن ئەمەسمىدى. مۇنداق پەرەز قىلايلى؛ ئەگەر سىزنى پەن ۋە ئەمەلىي پەنگە زۆرۈر بولغان بارلىق ئۈسكۈنە ۋە ياردەملەرگە ئېرىشتى دەيلى، ئەگەر سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىز كەلگۈسىدە ئەمەلىي قوللىنىلسا، سىلەرنىڭ ئۆز تەشكىلاتىڭلاردا ئۆز - ئۆزەڭلەرنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىڭلار بولسا، ئۆز جەمئىيىتىڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىڭلارنى، زېھىن قويۇپ ئىشلىشىڭلارغا ئىمكانىيەت بولسا، چەتئەللەردىكى ئالىملار، سىلەرنى بۇ ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈشتىكى يېتەكچىلىك رولىڭلارنى جارى قىلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان بولاتتى. ئۇ ھالدا، سىلەرنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرىڭلار ۋە تەتقىقات تېماڭلارنى، بىرلەشكەن ئىسلامىيەت ئىلىم - پەن ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزگەن بولاتتىڭلار.

ئۆزەم شۇغۇللىنىۋاتقان فىزىكىنىڭ تارمىقىدىن قارىغاندا، جۇڭگو (خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىزنىڭكىدىن ئاز، ئىلىم - پەندە بىزدىن پەقەت بىر نەچچە ئون يىللا ئالدىدا تۇرىدۇ)، ياپونىيىدىن بۇرۇن دۇنيا بويىچە 4 - بولۇپ ئەڭ چوڭ يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك ئاكسېلېراتور (تېزلەتكۈچى ئەسۋاب) قۇرۇپ چىقىپ، ئامېرىكا، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئورتاق تەشكىلاتىغا كىرىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان يەردە؛ شۇنىڭدەك جۇڭگو توكاماك (Tokamak) يادرو يىغىلىش رېئاكسىيە قازىنى INTOR قۇرۇلۇشىغا قاتنى-

شىپ، 15 يىلدا بىر مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى يادرو يىغىلىش قۇۋۇتىگە ئېرىشىشكە ئۈمىد قى-لىۋاتقان يەردە؛ جۇڭگو ئالىملىرى يەنە دۇنيا بويىچە ئەڭ سەزگۈر تارتىش كۈچ دولقۇن دېتېكتورى (1978 - يىلى ئىش-لىگەنگە ئوخشاش، ئۇ پۈتۈنلەي «فىزىكا مۇنبىرى» دە ئېلان قىلىنغان چېرتيوژ بويىچە ئىشلەنگەن) قۇرۇپ چىقالىغان يەردە؛ خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىزدىن خېلى تۆۋەن بولغان ھىندىستان رادىئو - تېلېسكوپ ۋە ئالەم نۇر جىنىدىسىنى لايىھىلەپ ياساپ چىققان، شۇنىڭدەك، ھازىر ئۇلار يەنە ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ، شەخسەن ئۆزەم قى-زىقىدىغان بىرىنچى ئېقىملىق پروتوننىڭ يىمىرىلىش چوڭقۇرلۇ-قىنى كۆرسىتىدىغان يەر ئاستى تەجرىبىلىرىنى ئىچكىرىلەپ لايى-ھىلەۋاتقان يەردە؛ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلىم - پەن ئىستىتىپا-قىمىز ئۆز ساھەسى بويىچە ئوخشاش كۆلەمدىكى فىزىكىنى ئا-ساس قىلغان تېخنىكىلىق قۇرۇلۇشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئار-قىلىق فىزىكا ئىلمىنىڭ چوققىسىغا چىقىشنى كۆزلىمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدە، ماتېماتىكا پېنىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق تەتقىقات ئورۇنلىرى يوق؟ بۇنىڭغا ھەيرانمەن. ئەگەر بىزنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىز كەم بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇشۇ پەن ساھەسىدە ساھىپخان دۆلەت بو-لۇپ، خەلقئارادا ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېچىۋېتەيلى. بۇنداق قىلغاندا خەلقئارالىق ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلغىنىمىزدىن سىرت، بىزگىمۇ پايدىسى تېگىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، INTOR يادرو يىغىلىش تەتقىقات تەشكى-



لى ۋە خەلقئارا ئىلىم - پەن بىرلەشمىسىنىڭ خەلقئارالىق يەر شارىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىش پىلانىغا ئوخشاش ئىشلارغا بىز-نىڭ مەملىكىتىمىزنىڭمۇ قاتنىشىشىنى ياكى غەيرىي رەسمىي يوسۇندا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يەنە ئالايلى، خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇ-مىي قىممىتى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئارانلا ئوندىن بىرىگە بارا-ۋەر كېلىدىغان؛ فىزىكا ساھەسىدە ئىختىساسلىق خادىملىرى كەمچىل بولغان گرېتسىيە ياۋروپادىكى جەنۋە يادرو تەتقىقات تۈزۈلمىسىگە رەسمىي ئەزا بولغان يەردە (ئۇ يەردە بىر ئې-كېلېراتور قۇرۇلۇشىغا 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتى سەرپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بىرلىك نەزەرىيىمىزدە ئا-دىنئالا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېغىر فوتون ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)، نېمە ئۈچۈن تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلار-نىڭ ئىرادىسى باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەنلىشى كېرەككەن؟ بۇنىڭغا مەن ھەيرانمەن. ئۇلۇغۋار نىيەت ۋە قەيسەر ئىرادە بولسىلا، پۈتۈن زېھىن - كۈچى بىلەن ئىشقا كىرىشسە ئەلۋەتتە ئىقتىدار پەيدا بولىدۇ، تىنماي كۈرەش قىلىدىغان بەندىسىگە ئاللا ئەنە شۇنى ئاتا قىلىدۇ.

ئىككىنچى مۇراجىئىتىم، ئارىمىزدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تەلىماتى بىلەن ئىجتىمائىيەتنى ئاۋات قىلىپ تۈزەۋاتقان كىشى-لەرگە قارىتىلىدۇ. بىز قۇرئان كەرىمدىكى تەلىملەرنى ئۇنتۇپ قالمايلى ھەممە بۇ تەلىملەرنىڭ ئىجتىمائىي نىشانلىرىمىزغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى، پېقىرنىڭ كالتە پەملىك بىلەن كۆزىتىشىچە، بۇ تەلىماتلارنىڭ تەبىرى شۇكى، ئىسلام ئەل-

بۇ كىتاب لاھور نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىلى 1 - ئىنگلىزچە
نەشرى 1981 - يىلى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据拉合尔出版社1981年英文第一版，1981年第一次印刷本翻译出版。

阿拉伯和伊斯兰国家的科学创造力
（一九八一年三月在科威特联合国大学讨论上的演说）
（维吾尔文）

A·萨拉姆　著
阿不力米提　译
阿巴斯·包尔汉
穆罕买德·沙里　校订

责任编辑：乌斯曼江·帕合尔丁
中国科普出版社新疆维、哈分社出版
新疆新华书店发行
新疆交通厅印刷厂印刷
787×1092毫米32开本　　2.0625印张
1986年9月第1版　1987年4月第2次印刷
印数：1－5,001－20,000
统一书号：M11051·7　　定价：0.58元